ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# سەنئەت ھەققىدە ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى

هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# سەنئەت ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بېلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

艺术格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.一乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978-7-80744-412-1

Ⅰ.艺... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 122105 号

丛书名　经典格言系列丛书
本册书名　艺术格言
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　者　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
　　　　　阿依夏木古丽·阿尤甫
　　　　　居来提·尼亚孜
　　　　　贝丽克孜·穆罕默德
特约编辑　阿米娜·克奇克
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新博文印刷有限责任公司
开　　本　880×1230mm 1/32
印　　张　3 印张
字　　数　51 千字
版　　次　2008 年 8 月第 1 版
印　　次　2008 年 8 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-412-1
定　　价　9.90 元
(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىش-
مەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەر-
نىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى ناما-
يان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ
كىشىلىك ھايات يەكۇنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان -
زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چې-
چىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق
بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە -
پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالىتتە
نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم
توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا
ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك
سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇرداند-
لىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۇرۇش كىتاب قىلىپ
تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگە-
كىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇر-
لىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئىپې-
تىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوش-
لۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

مۇزىكا—سېھرىي كۈچكە ئىگە نەپەس كۈي. ئۇ مۇڭلۇق بولسا كىشىگە دەرد ـ ئەلەم تارتقان چاغلارنى ئەسلىتىدۇ؛ شوخ ۋە شادىيانە بولسا، كىشىگە ئاسايىش، شادىمان چاغلارنى ئەسلىتىدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا—ئادەمنى مۇڭلاندۇرىدىغان ئاۋازلارنىڭ يىغىندىسى. سەن ئۇنى ئاڭلاپ يولۇڭدىن توختايسەن، قەلب قەسرىڭ تەشۋىش تۇمانلىرى بىلەن تولىدۇ، بەختسىز چاغلىرىڭ ئالدىڭدا خىيالىي كۆلەڭگىدەك پەيدا بولىدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا—ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان كۈي ـ ئاۋازلارنىڭ يىغىندىسى. سەن ئۇنىڭدىن زوقلانساڭ، ئۇ سېنىڭ قەلب قەسرىڭنى ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ ۋە باغرىڭدا شادلىق ئۇسسۇلى ئوينايدۇ.

ئۇ سازنىڭ تارلىرىدىن چىققان تىترەك سادا بولۇپ، ھاۋادىكى ئاۋاز دولقۇنلىرىنى قۇلىقىڭغا قۇيىدۇ، گاھىدا تامچە ئىسسىق ياشقا ئايلىنىپ كۆزلىرىڭدىن سىرغىپ چۈشۈشىمۇ مۇمكىن. بۇ ياش

دىلبىرىڭنىڭ پىراقىدىكى ھىجران يېشى ياكى ۋاقىت جاراھەتلىرى مەڭزىڭگە سىرغىتىپ چۈشۈرگەن ئازاب يېشى. ئۇ بەلكىم تەبەسسۇم بولۇپ لەۋلىرىڭدە پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇ بەخت بىلەن ئاسايىشلىقنىڭ ئىككىنچى خىل ئاتىلىشىدۇر.

ئۇ ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان ئادەمنىڭ تېنى، ئۇنىڭدا ئىچكى دۇنيادىن كەلگەن روھ ۋە قەلب تۆرىدىن كەلگەن ئاڭ بار.

جبران: «مۇزىكا» دىن

ئادەم ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان مۇزىكا ئادەمگە ئىلھام ئاتا قىلىپ كەلدى، چۈنكى مۇزىكا—تەڭرىنىڭ تىلى. ئۇ باشقا تىللارغا ئوخشاشمايدۇ، ئۇ ئىنزھار قىلغان مەزمۇن قەلبتىن ئۇرغۇپ چىقىپ، قەلبكىلا بايان قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ قەلبنىڭمۇ تىلى. ئۇ مۇھەببەتكە ئوخشايدۇ، نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر قىلالايدۇ. قۇملۇقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنى ناخشا ئېيتقۇزالايدۇ؛ ئوردا ـ قەسىرلەردىكى پادىشاھ ـ ۋەزىرلەرنى ھاياجانغا سالالايدۇ؛ ئامراق ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانىنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئۆزىگە يۇغۇرۇۋېتەلەيدۇ؛ خىرامان ۋە تاش يۈرەك كىشىلەرنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىپ تاشلايدۇ؛ شادلانغۇچىلارنىڭ خۇشاللىقىنى يۇغۇرۇپ پۈتۈن جاھانغا ياڭرىتىدۇ.

جبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا—بەختسىز مەزلۇملارغا ئىلھام بېرىدىغان قەسىدە.

جبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا قۇياشقا ئوخشاش دالىلاردىكى ياۋا گۈللەرگە نۇر ئاتا قىلىدۇ.

جبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا—چىراغقا ئوخشاش كىشى قەلبىدىن قاراڭغۇلۇقنى قوغلاپ روھىي دۇنيانى يورۇتىدۇ ۋە يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ئاچىدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مېنىڭ ئۆلچىمىم بويىچە مۇزىكا—ھەقىقىي ئۆزلۈكنىڭ ئوبرازى ياكى جانلىق ھېس -تۇيغۇنىڭ تەسەۋۋۇرى.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

دىلبىرىمنىڭ يېنىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايمەن. ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىرخىل كۈچ بارلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن. يۈرىكىم مۇشۇ كۈچ ئۇچۇن تىترەيدۇ. ئاشۇ كۈچ توك ئېقىمىدەك بىر خىل تىترەك پەيدا قىلىپ تېنىمنى روھىمدىن ئايرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيانى چۈش، تەننى تار قەپەس دەپ بىلىدىغان روھىم چەكسىز ئاسمان قەھرىدە پەرۋاز قىلىدۇ.

دىلبىرىمنىڭ ئاۋازى بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇ سېھرىي كۈچ ھېسسىياتىمنى ئەسىر قىلىپ، مېنى بىر خىل تىمتاس تىلسىم قوينىدا پەپىلەپ قويۇپ، دىلبىرىمنىڭ ئاۋازىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.



خالايىق، مېنىڭ دىلبىرىم دەل مۇزىكا. مەن ئاشىق بولغان قىز بەزى گەپلەرنى دەپ بولۇپ ھەسرەتلىنىدۇ، يەنە بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ. مەن ئۇلارنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ ئاۋازى گاھى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ، گاھى راۋان ئاڭلىنىدۇ. دىلبىرىم گاھى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گېپىنىڭ يېرىمىنى دەپ، يېرىمىنى كۆڭلىدە ئېلىپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى يەنىلا ئاڭلاپ تۇرىمەن. مەن قولۇمنى كۆز قىلىپ، دىلبىرىمنىڭ قەلب قەسىرىدىكى سىيماسىنى كۆرۈۋالدىم. بۇنىڭ بىلەن دىققەت ـ ئېتىبارىم سۆزلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىگە ئەمەس، مۇزىكىغا—قەلب ساداسىنىڭ ھېسسىيات جەۋھەرلىرىگە مەركەزلەشتى.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

تېز يېنىمغا كەل، ئەي ئويغاق ئادەم، مەن بىلەن ئەسلىمە سەھنىسىگە چىقىپ، ۋاقىت غەرق قىلىۋەتكەن مىللەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇزىكىنىڭ قانداق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا قاراپ باق. كەل، بىز مۇزىكىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىگە ھازىرغىچە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە ئۈن ـ تىنسىز پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

پارسلار بىلەن ھىندىلار مۇزىكىنىڭ ماھىيىتىنى تەڭرىنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى روھى دەپ چۈشىنىدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا ئەسلىدە ئەرشئەلادىكى بىر پەرى ئىدى. ئۇ بىر ئىنسانغا ئاشىق بولۇپ ئەرشتىن زېمىنغا چۈشكەن.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

نەپىس كۈي مېنىڭ گۈزەللىك ۋە ئەبەدىيەتكە بولغان ئۈمىدىمنى كۈچەيتتى.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

گرېكلار بىلەن رىملىقلار مۇزىكىنى قۇدرەتلىك ئىلاھ دەپ بىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئاتاپ سەلتەنەتلىك ئىبادەتخانىلارنى بىنا قىلىپ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ يۈكسەكلىكىنى تونۇتقان. ئۇنىڭغا ئاتاپ بەھەيۋەت مېھرابلارنى ياساپ، ئەڭ ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن خۇشبۇي كۈجە ـ شاملارنى تەقدىم قىلغان. ئۇلار بۇ بۈيۈك ئىلاھنى «ئاپوللو» دەپ ئاتىشىدۇ، ئەڭ گۈزەل سۆزلەر بىلەن تەرىپلىشىدۇ. ئۇ سول قولىدا سازنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىدا ساز تارىنى چېكىپ، جىمى شەيئىلەرنىڭ سىرىنى كۆزىتىۋاتقاندەك ئالدىغا نەزەر تاشلاپ مەغرۇرانە ئولتۇرىدۇ.

ئۇلار: «ئاپوللو، نىڭ ئاۋازى—تەبىئەت دۇنياسىدىن قايتقان ئەكس سادا، ئۇ بۇلبۇلنىڭ خەندان ئۇرغاندىكى، ئېقىن سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئاققاندىكى، مەيىن شامالنىڭ غۇيۇلدىغان، دەرەخ شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىغاندىكى تەبىئىي ئاۋازىدۇر» دېيىشىدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن



مۇزىكىسىز بەخت خۇددى تىلى كېسىۋېتىلگەن قىزغا ئوخشايدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا—دۇنيادىكى جىمى مىللەتنىڭ تىلى، كىشىلەر

www.uyghurkitap.com

پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇسانا ئېيتىشىدۇ، بەخت ـ سائادەتنى مۇزىكا بىلەن كۈيلەيدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا—چوپاننىڭ غېرىبلىق باسقان چاغدىكى ھەمراھى. چوپان قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان قوي پادىلىرىغا ئۇلار چۈشىنىدىغان كۈيلەرنى چېلىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قويلار خىرامان ئوتلايدۇ. قومۇش نەي—چوپان ئۈچۈن ئېيتقاندا سىرداش دوست، سۆيۈملۈك ھەمراھ، چوپان قومۇش نەي كۈيلىرىنى تاغ ـ جىرالاردىكى قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق ئارىسىغا تارتىدۇ ۋە ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان كۈيلەر بىلەن غېرىبلىقنى يىراق قوغلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالەم ئىللىقلىققا، شېرىن تۇيغۇغا چۆمىدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا كارۋاننىڭ تۆگىلىرىگە يول باشلايدۇ، ھارغىنلىقنى تۆگىتىپ ئۇزۇن سەپەرنى قىسقارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نارتۆگە تا كارۋان بېشىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىمىغۇچە قوم بارخانلىرى ئارىسىغا قايتا بارمايدۇ. بوينىغا كولدۇرما ئېسىلمىغۇچە تۆگىلەرگە ئېغىر يۈك ئارتىلمايدۇ. بۇ ئەزەلدىن شۇنداق. ئەي ئەقىل ئىگىلىرى، بىزنىڭ زامانىمىزدا مۇزىكا بىلەن ھايۋانلار كۆندۈرۈلىدۇ، يېقىملىق ئاۋازلار ھايۋانلارغا ھەمراھ بولىدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا روھىمىزغا ھەمراھ بولۇپ، ھاياتىمىزدىكى ھەرقايسى باسقۇچلارنى بىز بىلەن بىللە بېسىپ ئۆتىدۇ. بىز بىلەن ھەمنەپەس بولىدۇ، راھەت ـ پاراغەتتە، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىز بىلەن بىللە بو- لىدۇ. مۇزىكا خۇشال كۆڭلىرىمىزدە كۆڭلىمىزگە تەسەللى بېرد- دىغان تۇغقانلارغا ئوخشايدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مۇزىكا شېئىرغا ئوخشايدۇ، رەسىمگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ھەرخىل ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، قەلبىدىكى ئوي ـ خىيال- لارنى تەسۋىرلەيدۇ، كۆڭلىدىكى شېرىن تۇيغۇلارنى بايان قىلىدۇ، سېغىنىشنى مىجەز ـ خاراكتېرگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسان ۋۇجۇدىدى- كى گۈزەل ئارزۇلارنى ئىزھار قىلىدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

ئەزرائىل يېتىپ كېلىپ ھايات كومېدىيىسىنىڭ ئەڭ ئا- خىرقى بىر كۆرۈنۈشىنى ئوينىغان چاغدا، بىز ھەسرەتلىك مۇزد- كىنى ئاڭلايمىز.ئۇنىڭ پىغانلىق قارا كۆلەڭگىلىرىنىڭ ئاسمان قەھرىنى قاپلىۋالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنسان ئازابلىنىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە روھ گۈزەل دۇنيانىڭ قىرغىقىدىن ئايرىلىپ، ئەبەدىيەت دېڭىزىدا ئۈزىدۇ، ئۇستىخانلىرىنى غەزەلخان بىلەن مۇسىبەت ئى- گىسىگە قالدۇرىدۇ. كىشىلەر قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ناخشىغا قوشۇپ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن ئېيتىدۇ؛ ھۆل توپا بىلەن ئاشۇ جەسەتنى كۆ- مۈپ، سىقىلغان سادا ۋە پىغانلىق مەرسىيە بىلەن ئۇنى شېرىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

ئۇيقۇغا غەرق قىلىدۇ. ئۇلار سېرىق توپا ئۇستىدىكى ھۆل توپا قۇ-رۇمغۇچە مەرسىيىنى ئۇزۇلدۇرمەيدۇ. جەسەتنىڭ يەرلىكىگە قويۇلغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولسىمۇ، مەرھۇم يادلىنىپ تۇرسىلا ئۇنىڭ روھىدىن قايتقان ئەكس سادا كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا قىلىۋېرىدۇ.

جىبران: «مۇزىكا» دىن

مەن «ئىسپاھان» كۈيىنى پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن سەزگۈر كۆزلىرىم بىلەن ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان دىلدار ھەققىدىكى قىسسەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بابىنى كۆردۈم...«ئىسپاھان» كۈيى—جان تالىشىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ھا-لاكەت كېمىسىدىكى، ھاياتلىق دېڭىزىنىڭ قىرغىقى بىلەن ئەبە-دىيلىك دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداققى تىنىق. «ئىسپاھان» كۈيى—بوغۇق - بوغۇق ئۆكسۈشلەر ۋە ئېغىر خورسىنىشلار بىلەن ئۆز - ئۆزىگە تۇتۇلغان ماتەم. بۇ شۇنداق بىر خىل كۈيكى، ئۇنىڭ ئەكس ساداسى مۇسىبەت بىلەن غەمكىنلىك، ھەسرەت، كۆز يېشى بىلەن ساداقەتمەنلىك يۇغۇرۇلغان شېرىن جىمجىتلىق.

جىبران: «ئىسپاھان كۈيى» دىن

سابا كۈيى—شادلانغۇچىنىڭ كۈي - غەزىلى بولۇپ، ئادەمنى غەم - ئەندىشىدىن، دەرد - ئەلەمدىن خالاس قىلىدۇ، شادلىق دەريا-سىدا ئۈزۈشكە، شادلىق شارابىنى ئىچىشكە ئۈندەيدۇ.

جىبران: «سابا كۈيى» دىن

سابا كۆيى—شادلىق دەرياسىدا ئۈزۈۋاتقان بىر سۆيگۈ ئەھلى-نىڭ شېرىن سۆيگۈ گەپلىرى. ئۇ سۆيگۈ ئەھلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋاقىت ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئارىلىق - مۇساپىنى يېڭىدۇ، ئاخشام - كەچلەردىكى جىمجىتلىقتىن بەخت ھېس قى-لىدۇ. چۈنكى، ئۇ گۈزەل دىلدار بىلەن يىراق دالىلاردا دىدارلىشىشقا مۇشەررەپ بولىدۇ. بۇ ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا شاد - خۇراملىق ئاتا قىلىدۇ.

جىبران: «سابا كۆيى» دىن

«ئاھ، مۇزىكا! ئاھ، مۇقەددەس ئوترابىي، سېنىڭ سەنئەت ھەمشىرىلىرىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئەسىرلەر سەھنىسىدە بىر مەھەل ئۇسسۇل ئوينىدى، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن قەسىدىلەردىمۇ بىر مەھەل ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. سەن ئۇلارنى مەسخىرە قىلىۋاتىسەن، چۈنكى سەن قەلب سەھنىسىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدىڭ. سەن گويا ئادەم ئاتا ھەۋۋا ئانىنىڭ لەۋلىرىگە تۇنجى سۆيگەندە چىققان ئەكس ساداغا ئوخشايسەن. ئەكس سادا ئىچىدە ئەكس سادا بار، ئەكس سادانىڭ ئەكس ساداسى ئىچىدە يەنە ئەكس سادا بار. ئۇلار زاماندىن - زامانغا يەتكۈزۈلىدۇ، دەۋرىي قىلىپ تۇرىدۇ، جىمى نەرسىنى ئوراپ تۇرىدۇ ۋە جىمى نەرسىگە تايىنىپ ئەبەدىلئەبەدكە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشچىلىرىغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرى كۆڭۈل-لۈك بولىدۇ. تەبىئىي تالانتلىق كىشىلەر ئاڭلاش سەزگۈسى ئار-قىلىق ئۇلارنىڭ تۆھپىسىدىن شادلىنىدۇ.

جىبران: «راسدىي كۆيى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەنئەتكار، بولۇپمۇ سازەندە باشقا ئاددىي ئادەملەرگە قارىغاندا كۈچلۈك پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى باشقىلارنىڭكىنى ئۆلچىگەن ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش نامۇۋاپىق ۋە ئادالەتسىزلىك بولىدۇ.

جىبران: «سولبان» دىن

ئۆز تۇيغۇ ۋە پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشتە يېڭى شەكىل تاپقان رەسسام ھەر ۋاقىت ئۆز ئائىلىسى ۋە دوستلىرىغا يات، ئۆز ۋەتىنى، ھەتتا دۇنياغىمۇ يات. چۈنكى، باشقىلار غەربكە قارىسا، ئۇ شەرققە قارايدۇ.

جىبران: «سولبان» دىن

رەسسام ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمىگەن قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن تەسىرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇ بەختلىكلەر ئارىسىدا بەختسىز، بەختسىزلەر ئارىسىدا بەختلىك، كۈچلۈكلەر ئارىسىدا كۈچسىز، كۈچسىزلەر ئارىسىدا كۈچلۈك.

جىبران: «سولبان» دىن

مەن ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بايلارنى ئەيىبلىمەيمەن؛ ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن، نومۇسىنى ساقلىمىغان ناخشىچى، ئەدىب ۋە شائىرلارنى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بايلاردىن ئۈستۈن تۇرمىغانلىقى، پەسلىك، خورلۇققا قارىغاندا ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلەيمەن.

جىبران: «سولبان» دىن

مۇزىكا—قەلبنىڭ تىلىدۇر، كۆزگە كۆرۈنمەس سازەندە يۈرىكىدىن تىڭشىغۇچى يۈرىكىگە بارىدىغان دولقۇندۇر. ئەگەر سازەندىنىڭ ئالدىدا مۇزىكىنى ئاڭلايدىغان ۋە چۈشىنىدىغان كىشى بولمىسا، ئۇ ناخشىنى يۈرىكىدىن چىقىرىپ ھەۋەس بىلەن ئېيتالمايدۇ.

جىبران: «سولبان» دىن

ساز—ساز قىلىنغان لىرانىڭ تارىدۇر. ئەگەر بۇ تارلار بوشىشىپ قالسا، ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ ئاددىي يىپلارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

جىبران: «سولبان» دىن

سەنئەت—ئەركىن قۇش. ئۇ خالىسا ئۇچىدۇ، خالىسا يەرگە چۈشىدۇ، دۇنيادا ھېچقانداق كۈچ ئۇنىڭغا كىشەن سالالمايدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

جىبران: «سولبان» دىن

سەنئەت—بىرخىل ئالىي روھكى، ئۇنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

جىبران: «سولبان» دىن

ئەگەر نەيچى، ئۇسسۇلچى ياكى نەغمىچىلەرنى ئۇچراتساڭلار، سىلەر ئۇلارنىڭ سوۋغىسى ئۈچۈن بەدەل تۆلەڭلار. چۈنكى، ئۇلارمۇ

www.uyghurkitap.com

مېۋە ـ چېۋە ۋە خۇش پۇراقلارنى يىغىۋالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ دەسمايىسى سىلەرگە چۈشتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما روھسىگىلارنىڭ ئوزۇقىدۇر.

جبران: «ئېلىم ـ سېتىم» دىن

مۇزىكانت ساڭا تولۇپ تاشقان ئاھاڭلارنى ياڭرىتىپ بېرەلەيدۇ، ئەمما ئاھاڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغان قۇلاق ۋە مۇزىكىغا جور بولىدىغان ئاۋاز ئاتا قىلالمايدۇ.

جبران: «ساۋاق»تىن

ناخشا ئىچىدە سەپەرگە ئاتلىنىڭلار، ئەمما ھەر بىر ناخشاڭلار ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بولسۇن، چۈنكى ناخشا سادالىرىڭلار لېۋىڭلاردىن قانچە بالدۇر غايىب بولسا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە شۇنچە ئۇزاق ساقلىنىدۇ.

جبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

ئاپرېل سادالىرىنى تىڭشىغانغا ئوخشاش، نەيچىنىڭ مۇزىكىسىغا قۇلاق سېلىڭلار. مۇبادا تەنقىدچىلەر ۋە تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگۈچىلەرگە دۇچ كېلىپ قالساڭلار، جاسارەتلىك بولۇڭلار، گاس بولۇۋېلىپ ئۆز خىياللىرىڭلارنى سۈرۈۋېرىڭلار. دوستلىرىم، سۆيۈملۈك ھەمراھلىرىم، سىلەر سەپىرىڭلاردا ھايۋان تاپالىسىڭلارنى ئۆچۈرتىسىلەر، سىلەر قانىتىڭلارنى ئۇلارغا ھەدىيە قىلىڭلار. سىلەر مۈڭگۈزلۈكلەرنى ئۆچۈرتىسىلەر، تاجىڭلارنى ئۇلارغا بېرىڭلار. سىلەر ئۆتكۈر پەنجىلىكلەرگە يولۇقسىلەر، ئۇلارنىڭ

پەنج ـ بارماقلىرىنى گۈل ياپراقلىرى بىلەن يېپىپ قويۇشلار. سىلەر تىلى زەھەرلىك يىلانسىمانلارغا يولۇقسىلەر، ئۇلارنىڭ تىلىغا ھەسەل تېمىتىڭلار.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

شېئىر—ئىپادە قىلىنىدىغان پىكىر ئەمەس، بەلكى يارا ئېغىزىدىن ياكى كۈلكە ئېغىزىدىن ئۇرغۇپ چىققان ناخشىدۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئىلھام—دائىملىق كۈيلەشتۇر، ئۇنىڭغا ئىزاھات كەتمەيدۇ.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئوي ـ پىكىر—دائىم دېگۈدەك شېئىرنىڭ توسالغۇسىدۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

بىزنىڭ جىمجىتلىقىمىزنى ئىزھار قىلالىغۇچى ئەڭ ئۇلۇغ ناخشىچىدۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن



ئاغزىڭدا لىققىدە ئاش بولسا، قانداقمۇ ناخشا ئېيتالايسەن؟!
قولۇڭدا لىققىدە ئالتۇن بولسا، قانداقمۇ كىشىگە بەخت تىلىگىلى قولۇڭنى كۆتۈرەلەيسەن؟!

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
تۇلپار كىتاب تورى

كىشىلەر: «بۇلبۇل ناخشا ئېيتقاندا تىكەنلەرنى سانجىيدۇ» دېيىشىدۇ.
بىزمۇ شۇنداق، بولمىسا بىز قانداقمۇ ناخشا ئېيتالايمىز؟!
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

تالانت—كەچ كۈز باشلانغان چاغدا تومۇزغا ئېيتقان بىر ناخشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

ئانا قەلبىدە جىم تۇرغان شېئىر بالا ئاغزىدىن چىقىدۇ.
جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

سەنئەت—ئوچۇق ـ ئاشكارا ئالەمدىن يوشۇرۇن ئالەمگە تاشلانغان تۇنجى قەدەمدۇر.
جىبران: S«بىر ئوچۇم قۇم» دىن

سەنئەتتىن زوقلىنىشنى بىلىش غايەت زور ئېستېتىك ئىقتىدار ۋە سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. سەنئەتتىن زوقلىنىشنى بىلمەي تۇرۇپ، سەنئەتنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىنسانىيەتنىڭ «گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى» دېگەن ئەڭ ئالىي شەكىل بولغان سەنئەت

ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجادىيەتنىڭ بەدىئىي شەرتلىرى ۋە قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ مەنىدىكى سەنئەتتۇر.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەسلىي گۈزەللىكسىز، ئوبيېكتىپ گۈزەللىكسىز، رېئال-لىقتىكى گۈزەللىكسىز سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك ئېستېتىكىلىق سۇبيېكتسىز سەنئەتچى ياكى زوقلانغۇچىنىڭ ئېستېتىكىلىق پائالىيىتىسىزمۇ سەنئەت گۈ-زەللىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى، تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئەمەس.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەگەر سەنئەت ئەسەرلىرىنى رېئال گۈزەللىكنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، تىپىك ۋە ئوبرازلىق ۋاستىلەر بىلەن قايتا ئىشلەنگەن بەدىئىي شەكلى دەپ چۈشەنسەك، ئۇ چاغدا، بەدىئىي زوق ۋە بەدىئىي باھانى ئېستېتىك زوق ۋە ئېستېتىك باھانىڭ سەنئەت ئەسەرلىرى-دىكى داۋامى دېيىش كېرەك.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت نەزەرىيىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ نە-زەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ئىبارەت ئىدې-ئولوگىيىنىڭ ماھىيىتى، ئالاھىدىلىكى، تۈرلىرى، پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرى، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ كەسپىي پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى پەن، كونكرېت ئېيتقاندا، ھۈنەر ـ سەنئىتى، بىناكارلىق سەنئىتى، نەققاشلىق، رەسساملىق، مۇزىكا،

ئۇسسۇل، تىياتىر ۋە ئەدەبىياتنىڭ كەسپىي خاراكتېرلىك، ماھارەت قاتارلىق بىلىملىرى توغرىسىدىكى پەن، ئېستېتىكا بولسا سەنئەت نەزەرىيىسىنى ئېستېتىكىلىق پرىنسىپلار، نەزەرىيىلەر ۋە مېتودولوگىيە جەھەتتىن يورۇتۇشقا ياردەم قىلىدۇ. ھەقىقىي سەنئەتشۇناسلىق بىر تەرەپتىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ياراتقان مۇنەۋۋەر سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە سەنئەت تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەقىقىي سەنئەت پەلسەپىسى ۋە مېتودولوگىيىسى بولغان ئېستېتىكىغا تايىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت—ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم مەۋجۇتلۇق شەكلى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت.

سەنئەت— سەنئەت گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئېستېتىك پائالىيەت شەكلىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت گۈزەللىكى—سەنئەتكە بېقىنغان، سەنئەتتە گەۋدىلەنگەن، سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەتنىڭ ئېستېتىك تەسىرىگە ئاساس سالغان ئېستېتىك قىممەتتۇر. گۈزەللىك گەرچە سەنئەتسىز مەۋجۇت بولالىسىمۇ، سەنئەت گۈزەللىكسىز مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق سەنئەت گۈزەللىكى مەھىيەتتە سىستېمىلاشقان ئېستېتىك ئىجادىيەت تەجرىبىسى، يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىجادىي خاراكتېرلىك ئېستېتىك ئاڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



www.uyghurkitap.com

سەنئەت گۈزەللىكى—ئېستېتىك ئوبيېكت بىلەن ئېستېتىك سۇبيېكتنىڭ بىرلىكى، ئېستېتىك ئىنكاس بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ بىرلىكى، بەدىئىي مەزمۇن بىلەن بەدىئىي شەكىلنىڭ بىردەكلىكى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىدېئولوگىيە شەكلىدىكى گۈزەللىك بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىكىلىق ھاياتىي كۈچىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مۇنداق سەنئەت گۈزەللىكىسىز سەنئەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق سەنئەت گۈزەللىكى تىپىكلەشتۈرۈلگەن، ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان، يەككىلەشتۈرۈلگەن ماھىيەتلىك ۋە كونكرېت - جانلىق بەدىئىي ئوبراز ئىچىدە، بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مۇنداق بەدىئىي ئوبراز تۇرمۇش گۈزەللىكىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق يارىتىلىپ، بەدىئىي ئەسەرگە جان بېغىشلايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت سەنئەتچى ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى، سەنئەتچىنىڭ جەمئىيەت ئۇچۇن ئېلىپ بارغان مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش سەمەرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مەنىۋى ئىجادىيەت بىلەن مەنىۋى ئالماشتۇرۇش بىرلەشكەن بولىدۇ. سەنئەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئىجادىيەت ساھەسى، مۇھىم ساقلىنىش خەزىنىسى، مۇھىم ئالماشتۇرۇش ئېقىمى سۈپىتىدە كۈچلۈك ئوبرازلىق ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇ رېئاللىقتىن ئۇچۇر بېرىدۇ، ئۇ كىشىلىكتىن ئۇچۇر بېرىدۇ، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تارىخىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ، سەنئەتچى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت بىر خىل مەنىۋى، ئىدىيىۋى، ئىجادىيەت پائالىيىتى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىپادىسى، كىشىلەرنىڭ رېئاللىقنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش ۋە ئۇنىڭدا ئۆز ئىدىيە ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەش پائالىيىتىنىڭ ئوبرازلىق شەكلى، ئوبرازلىق ئىنفورماتسىيە ۋاستىسىدىن ئىبارەت. سەنئەت گۈزەللىكى سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنىڭ جېنى، جۈملىدىن سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ھالقا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت—بىلىش، باھالاش، مۆلچەرلەش (قىياس قىلدۇرۇش)، تەربىيىلەش، ئەسلىتىش، سىلىشتۇرۇش، بېشارەت بېرىش، ئىلھاملاندۇرۇش، ھېسسىيات قوزغاش، روھلاندۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىش، سەپەرۋەر قىلىش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش قاتارلىق تەسىر - ئىقتىدارىغا ئىگە.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىگە، سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك يۆنىلىشىگە سادىق بولغان رېئالىستىك سەنئەت، ھەقىقىي سەنئەت ھەقىقەتلىك بىلىش

سالاھىيىتىگە ئىگە، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەنتىقى بىلىشتىن قېلىشمايدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتنىڭ بىلىش رولى ھەقىقەتلىك ۋە ھېسسىياتلىق قىممىتىگە ئىگە. ئۇ يالغۇز ئىلىم - پەندەك بىلىم ۋە ماھىيەتلىك بىلىش بېرىپ قالماي، يەنە تىپىك مۇھىتتىكى، تىپىك زىددىيەت ۋە توقۇنۇش، تىپىك پېرسوناژ ئارقىلىق رېئاللىقنى جانلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، ھېس - تۇيغۇسى، ئەخلاقىي قارىشى ۋە سىياسىي - تارىخىي قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت بىلىش رول - ئىقتىدار بىلەن بىللە يەنە ئۆزىدىكى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، سىياسىي ئامىللار، مەنىلەر ۋە مەزمۇنلار ئارقىلىق كىشىگە كىشىلىك قىممىتى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى، ئىنسانىيەتنىڭ غايىسى، ئەخلاقىي پرىنسىپلار، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قاراش قاتارلىقلار جەھەتتە كۈچلۈك تەربىيىۋى تەسىر كۆرسىتىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



سەنئەت كىشىلىك قاراش، ئەخلاق ۋە سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ مۇھىم دەرسخانىسى. ئۇ كىشىدە ئىدىيىۋى كۈرەش، ھېسسىياتلار كۈرىشىنى كۈچەيتكۈچى قورال سۈپىتىدە كىشىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۆزگىرىش

ۋە تاكامۇللىششىغا، كىشىنىڭ خۇلقى ـ مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۈچلۈك تەربىيىۋى تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى سەنئەتنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تەسىرى ئوخشاش ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت—غايەت زور ئىجتىمائىي، مەنىۋى، غايىۋى، تارىخىي ئىنفورماتسىيە. ئۇ، شەخسلەر، مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى، ھەتتا قەدىمكى كىشىلەر بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئارىسىدىكى ئۆز ئارا چۈشىنىش، يېقىنلىشىش، تەسىر ئۆتكۈزۈشنىڭ غايەت زور مەنىۋى پاۋلىئونى ۋە كۆۋرۈكى، تارىختىن بېرى سەنئەت ئىجتىمائىي ئالاقىلارغا نۇر قوشقۇچى بەدىئىي ۋاستە، پىكىر ـ ھېسسىيات ئالماشتۇرغۇچى ۋاستە ۋە رىشتە بولۇپ كەلدى. ئۇ كىشىلەر قەلبىدىكى ساغلام، ئالىيجاناب ئالاقىنى تۇتاشتۇرغۇچى ئەلچى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت مەيلى نورمال تۇرمۇش ئېھتىياجى گەۋدىلەنگەن شارائىتتا ياكى قۇرۇلۇش شارائىتى ياكى ھەققانىي ئۇرۇش شارائىتى بولسۇن ئۆز ۋاستىلىرى بىلەن خەلقنى (جامائەتنى) ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئۇنى بىر نىيەتلىككە، كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ. خەلقنىڭ رېئال ھايات ـ تەقدىرىدىن ئايرىلغان، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي تېماتىكىسىدىن ئايرىلغان، خەلقنىڭ ھەققىي تارىخىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن كۈرەشكە ئىلھاملاندۇر-

مايدىغان، سەپەرۋەر قىلمايدىغان سەنئەت ساختا سەنئەتتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

سەنئەت ھېسسىيات ئىپادىلەيدۇ. ئىستېتىك ھېسسىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىستېتىك ھېسسىيات يېتىشتۈرىدۇ. ھېسسىياتسىز سەنئەت بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

سەنئەت ھېسسىياتى غەيرىي ئىستېتىك ھېسسىياتتىن پەرقلىنىدۇ. ئىستېتىك ھېسسىيات — سەنئەت ھېسسىياتى سەنئەتچىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇشى، قايتا كۈچ قوشۇشى، ئىدىيىلەشتۈرۈش ۋە تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق كۈچەيتىلىدۇ. ئۇ ئالى شەكىلگە كىرگەن ھېسسىيات، پىكىر شەكلىگە كىرگەن ھېسسىياتتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

سەنئەت ئىستېتىك ئىدېئولوگىيىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى ۋە ماددىيلاشقا ئىجادىيەت شەكلى سۈپىتىدە كۈچلۈك ئىستېتىك غايە يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، مۇنداق ئىستېتىك غايىسىز سەنئەتنىڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، سەپەرۋەر قىلىش، دۇنيانى يېڭىلاش رولىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

سەنئەت فىزىئولوگىيىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، سالامەتلىكنى ياخشىلايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

www.uyghurkitap.com

سەنئەت تەربىيىسى ئومۇمخەلق مائارىپىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىدىن ئىبارەت. سەنئەت تەربىيىسى بولمىغان مائارىپ تولۇق بولمىغان مائارىپتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت—ئىنسانىيەتنىڭ مەھسۇلى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىپتىدائىي ئىنسانىيەت سەنئەتنى پەيدا قىلىش جەريانىدا، پۈتكۈل ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا ئۆز بەدىنى ۋە ئۆز سەزگۈ ئەزالىرىنىمۇ بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە قايتا يارىتىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاساسىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئاساسىدا، ئەمگەك ئاساسىدا، ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراستى ۋە تەسەۋۋۇر ـ تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشى جەريانىدا ئىجتىمائىي بارلىقتىن تاشقىرى، ئىجتىمائىي بارلىق بىلەن بىللە ئىجتىمائىي ئاڭ تۈپلۈك تەسىر كۆرسەتتى. پىرىخونلۇق، ئويۇن ـ تاماشا قاتارلىقلار سەنئەتنىڭ بىۋاستە ماددىي زۆرۈرىيەتلەر بىلەن ماددىي مەنپەئەتدارلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىر قىسمەنلىك ئورنىدىن مەخسۇس ئېستېتىك ئېھتىياج ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر شەكلىگە ئايلىنىشىغا ۋاستە ۋە نامايەندە بولدى. ئىپتىدائىي سەنئەت

ھازىرقى زامان سەنئەتتە ئاساس سالغان بولۇپلا قالماي، ھازىرقى زامان سەنئەتتە ئىلھام بېغىشلايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تارىخنىڭ كىلەچىكى، ئىنسانىيەتنىڭ كىلەچىكى دەل سەنئەتنىڭ كىلەچىكىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت تەرەققىياتى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر قىسمى، جۈملىدىن پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت تەرەققىياتى پۈتۈن مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى سىستېمىسى تەركىبىدە، مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىك بويىچە، ئېتنىك ئالاھىدىلىك بويىچە، ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىك بويىچە راۋاجلىنىشى بىلەن بىللە يەنە ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت بىر خىل ئاڭ شەكلى سۈپىتىدە، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بىلەن — جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com

سەنئەت ئىنسان ئېڭى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ خەزىنىسى سۈپىتىدە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمگە، تۇرمۇشقا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. سەنئەت چىرىگەن تۈزۈمنى، چىرىك مۇھىت تۇرمۇش تۈزۈلمىسىنى پاش قىلىدۇ؛ يېڭى تۈزۈم ۋە يېڭى شەيئىلەرنىڭ غەلىبىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مۇستەھكەملەيدۇ؛ كىشىلىكنى ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت — ماددىي تۇرمۇشنىڭ مەنىۋى ئىپادىلىرىدىن بىرى، مەنىۋى كارتىنىسى سۈپىتىدە جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولالمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت ئالدى بىلەن مىللىي بولىدۇ. مەھەللىي بولىدۇ. مىللىي ـ مەھەللە تۇرمۇشتىن ئۆسۈپ چىققان سەنئەت بولمايدىكەن سەنئەت مەنبەسىز نەرسە بولۇپ قالىدۇ. سەنئەتتە تىل، پسىخىك ئامىللار، تۇرمۇش ئۇسلۇبى، سەنئەتنىڭ بىر قاتار ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى مىللىي بولماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە سەنئەتتە ئىپادىلىنىدىغان چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قاراشلىرى، يۈكسەكلىك، تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك سىزىم ھەم چۈشەنچىلەر پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىردەكلىك خاراكتېرىگە

ئىگە. بۇنداق بىردەكلىك گۈزەللىك ئوبيېكتلىرىنىڭ ۋە گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىردەكلىكى، شۇنىڭدەك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ۋە ئۆزىنى بىلىش ـ ئۆزگەرتىش تارىخىنىڭ بىردەكلىكىدىن بولغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي سەنئەت نەتىجىلىرىنى ۋارىسلىق ئاساسىدا داۋاملاشتۇرىدۇ؛ شۇنىڭدەك، باشقا مىللەتلەر، چەت ئەللەر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى تەسىرىدە، ئۇنىڭ ئىلغار ۋە ئۆزىگە مۇۋاپىق قىسىملىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، مۇنداق مىللەتلەر ئارا، خەلقئارا مەدەنىيەت تەسىرى تۈپەيلىدىن مىللىي مەدەنىيەتتە خەلقئارا ئامىل، سىڭىكىرتىك ئامىل مەيدانغا چىقىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

سەنئەت تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىدۇ، ھېسسىيات ئىپادىلەيدۇ، گۈزەللىك يارىتىدۇ، غايىۋى كۈچ بېغىشلايدۇ. سەنئەت بۇ تۈپ خىزمەتنى مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق تۇرلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق ئورۇندايدۇ. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە سەنئەت تارىخىنىڭ بايلىقىنى، رەڭگارەڭ مۆجىزىدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

سەنئەت تارىخى ئىسپاتلىدىكى، ئۇ ئۇسلۇب تەرەققىيات

ھالقىلىرىدىن تەشكىل تاپقان زەنجىردىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتنىڭ ھەر قايسى كونكرېت تۈرلىرىگە خاس ئېستېتىك ماھىيەتلەر، ئېستېتىك قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلماي ۋە ئىگىلىمەي تۇرۇپ، سەنئەت ئىجادىيىتى قانۇنىيەتلىرى بويىچە راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ھۈنەر تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ماھارەتلىك ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنساننىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ماددىي گەۋدىسى ئۈستىگە ئۆز روھىيەتلىرىنى يىغىنچاقلاپ قوشقان سەنئەتلىك تامغا سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ھۈنەر سەنئىتى سەنئەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى بىر تۈرى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ھۈنەر - سەنئەت — تارىخنىڭ مۇھىم ئۈچۈرى ۋە ماددىي گۇۋاھچىسى بولۇپ، غايەت زور ئارخېئولوگىيىلىك ۋە مەدەنىيەت تارىخى قىممىتىگە ئىگە. بۇ خىل ھۈنەر - سەنئەت ئاسار ئەتىقىلىرى كۈچلۈك ئېتنولوگىيىلىك ئۇچۇر بولۇقى خاسىيىتى تۈپەيلى دۆلەتنىڭ جاۋاھىراتلىرى سانىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ھۆنەر سەنئىتىدە ھۆنەر گۈزەللىكى ئاساسلىق ھالقا. ئۇ شەكىل ھاسىل قىلىش ئارقىلىق شەكىل گۈزەللىكى ۋە بېزەك ھاسىل قىلىش ئارقىلىق بېزەك گۈزەللىكى پەيدا قىلىدۇ. ماتېرىيال گۈزەللىكى، شەكىل گۈزەللىكى، بېزەك گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەت بىرلەشكەندە ھۆنەر سەنئىتى گۈزەللىكى ھاسىل بولىدۇ. ماتېرىيال ئۆز تەبىئىتى خۇسۇسىيىتى بويىچە مەلۇم بۇيۇمغا راسا باب بولۇشى، ئۇنىڭدا ياسىلىدىغان ھۆنەر سەنئەت شەكلىنىڭ گۈزەللىك مۇمكىنلىرى بەرق ئۇرغان بولۇشى كېرەك. بۇ شۇ چاغدىلا ھۆنەر سەنئەت ئۇستىسىدا مۇئەييەن گۈزەل شەكىل تەسەۋۋۇرى، ئىلھامى ۋە لايىھىسى پەيدا قىلالايدۇ. مۇنداق تەبىئىي ھاسىل ھۆنەر سەنئەت ماتېرىيال گۈزەللىكىنى كىشىلەر دەرمەھەل ئىجاد قىلىمىقى مۇشكۇل. ماتېرىيال گۈزەللىكى ئۇستىگە سەنئەت دەرىجىسىدىكى شەكىل گۈزەللىكى ۋە بېزەك گۈزەللىكى ئارقىلىق ئىش قوشۇلىدۇ. بۇ مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



سەنئەت — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بەدىئىي خەزىنىسى، رېئال تۇرمۇشنىڭ سەنئەتچى سۇبيېكتى ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرگەن ئېستېتىك ئىپادىسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت ئەسەرلىرى — سەنئەتنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى،

www.uyghurkitap.com

بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە بەدىئىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ماددىيلاشقان كۆرۈنۈشى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت ئىجادىيىتى — سەنئەتچى ئېستېتىك پائالىيىتىنىڭ ھوسۇلدار جەريانى ۋە كرىستالى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار — ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭلىق بىر قىسمى، ئىنساننى ئىنسانغا تونۇشتۇرغۇچى، ئىنساننى ئىنسانغا قايتۇرغۇچى ئىنسان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار — ئىنسان قەلبىنىڭ ئىنژېنېرى، ئىنسان قەلبىنىڭ دوختۇرى، ئىنسان قەلبىنىڭ ئىزھارچىسى، ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ شاھىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنىڭ پىداكار ھامىيسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار — خەلقنىڭ تەربىيەتچىسى، دەۋر ۋىجدانىنىڭ قاينىقى، ئىنساننى تەپەككۇرنىڭ مۇقەددەس تۇغچىسى، تارىخنىڭ ئىلھامچىسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار — ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئەينىكى، روھىيەت

پەيلاسوپى، چىنلىق - ياخشىلىق - گۈزەللىكنىڭ باغۋەنى ۋە ئىپتىخارى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

سەنئەتكار—تەكرارلانماس، ئورىگىنال ئەسىرى بىلەن خەلقنى خەلققە ئىختىرا قىلغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم تولدۇرالمايدۇ. ئىككى تەبىئەت ئالىمى بىر - بىرىدىن خەۋەرسىز ھالەتتىمۇ ئوخشاش ئىختىرا قىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئىككى سەنئەتكار مەڭگۇ بىردەك ئەسەر يارىتالمايدۇ. سىرۋانتىس بولمىسا ھېچكىم «دونكىخوت» نى يېزىپ چىقالمايدۇ، ئەمما پاستېر بولمىسىمۇ ئىنسانىيەت باكتېرىيىنى كەشپ قىلالايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

سەنئەتكار—مىللىي مەدەنىيەتنىڭ غۇرۇرى. سەنئەتسىز مىللەت، سەنئەتكارسىز مىللەت، سەنئىتى ئۆز قىممىتىنى، سەنئەتچىسى ئۆز لاياقىتىنى تاپالمىغان مىللەت، سەنئەتتە ئاداشقان، سەنئەتچىلىرى ئاداشقان مىللەت ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى يوقاتقان، پالاكەت ۋە ئاپەتكە قۇربان بېرىشكە يۈزلەنگەن مىللەتتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»دىن

سەنئەتكارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە تارىخىي رولى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى

www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھەر بىر يەككە سەنئەتكار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ قىممىتى قانداق مىقداردىكى ئەسەر ياراتقانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قانچىلىك ھەسسە قوشقانلىقى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پىكىر ئۇيۇقىغا قوشقان نۇرانە شولىلىرى بىلەن باھالىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى، ئۆز دەۋرىنىڭ پائال شاھىتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكارنى تارىخ يارىتىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەقلىي سەۋىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ئىپادىلەش مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ھالىتى ۋە تارىخىي رېئاللىقىنى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ، كۈچلۈك دەۋر خاراكتېرلىك ئەسەر ۋە پائالىيىتى ئارقىلىق تارىخنى ئويغىتىدۇ، ئىنسانىيەتنى تەربىيىلەيدۇ، مەدەنىيەتلەرنى تۇتاشتۇرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار—ئۆز دەۋرىنىڭ پائال شاھىتى، ھەققىي ۋە ئاڭلىق شاھىتى. روشەنكى، سەنئەتكار، ھەر قانداق كىشىدەك ئۆزى تۇغۇلىدىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىتنى بەلگىلىيەلمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار ئۆز دەۋرى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىگىمۇ، كەلگۈسى مىڭ يىللارغىمۇ تەۋە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

ھەر قانداق ئۆز دەۋرىدىن چەتنىگەن، ئۆز دەۋرىدىكى خەلق ھا-ياتىنىڭ تۈپ تېماتىكىسىدىن چەتنىگەن، خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇ-بىتى، شادلىقى ۋە ئۈمىدىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرغان، خەلق دۈش-مەنلىرىگە پايپېتەك بولغان كىشى ھەقىقىي مەنىسىدە سەنئەتكار بولالمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەتكار — خەلقنىڭ پەرزەنتى، خەلق پىكرىنى بايان قىل-غۇچى. سەنئەتكارنى خەلق يارىتىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ئۇلۇغلىقى ئۇ-نىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مۇناسىۋەت نورمىلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ھاياتى خەلقنىڭ ھاياتى، خەلقنىڭ مەنىۋى ۋە تارى-خىي ھاياتى. سەنئەتكار خەلقنىڭ تەقدىرىنى كۆزەتكۈچى، ئۇنى چۆرىدەپ، ئۇنى ئىپادىلىگۈچى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن



جەمئىيەتنى بىلىش ئۈچۈن، خەلقنى بىلىش لازىم. خەلقتىن ئايرىلغان، خەلقنى ئاددىي ئاۋام، ئاددىي كىتابخان، شۆھرەت ئوب-يېكتى دەپ چۈشەنگۈچى كىشى ھەقىقىي سەنئەتكار بولالمايدۇ. خەلقتىن، خەلق قەلبىدىن، خەلق يۈنىلىشلىرىدىن ئايرىلغان سەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدائى تارقاتقۇچىسى

ئەتكار ئۆلگەن، چىرىگەن سەنئەتكاردىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەتكار بەدىئىي ئەسەرنى ياراتقۇچى، بەدىئىي ئىجادىيەت سۇبيېكتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەتكار ئىنسان روھىيىتىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي، ئاۋازى، كۆرۈنۈشى، تۇرمۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىگۈچى. سەنئەت ئەسەرلىرى سەنئەتچىنىڭ روھىيەت كرىستالى، ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان مونولوكى، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قاراتقان خىتابى. سەنئەتچى تۇرمۇش ۋە روھىيەتتە گارمونىيە ۋە تەرتىپ ئورناتقۇچى مۆتەپەككۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەتكار، سەنئەت گۈزەللىكىنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرگۈچى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەت گۈزەللىكى—تۇرمۇش ۋە ئىدىيىنى بەدىئىي ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مەھلىيا قىلغۇچى ئىقتىدارىغا كۆتۈرگەن ئاساسىي ھالقا، سەنئەتنىڭ ئىستېتىك ھاياتىي كۈچى، سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ جېنى ئىنساننى مەركەز قىلغان رېئاللىقنى جانلىق، ماھىيەتلىك، ھەقىقىي ۋە گۈزەل، تەسىرلىك ۋە ئۈنۈملۈك گەۋدىلەندۈرۈشتە. گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە ئاساسلىنىپ، بەدىئىي ئىجادىيەت

ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش گۈزەللىكىنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەل-گۈسىگە ئىنتىلىشلىرىنىڭ مۇھىم ئىلھاملاندۇرغۇچىسى ۋە دوستى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەتچى—تەپەككۇر ئۇلگىسى بولۇشى لازىم. ئۇ ئىپادىلى-گەن چىن ھېسسىيات ئۇنىڭ ئۆز ھېسسىياتى بولماستىن، بەلكى ئۇ بىلىپ يەتكەن ئىنسانىيەت ھېسسىياتىدىن ئىبارەت بولۇشى، بۇ خىل ئىنسانىيەت خاراكتېرلىك مەزمۇننى سىنىپىي، مىللىي ۋە تارىخىي چەكلىمە ئىچىدىمۇ گەۋدىلەندۇرۇشتە تىرىشىشى كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەت نوقۇل «سەنئەت ئۈچۈن» بولماستىن، ئىنسانىيەت ئۈچۈندۇر. ھەقىقىي سەنئەت، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەينەك، دەرسلىك، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئۇ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بى-ناسىنىڭ بىر تارمىقى، تەلىم - تەربىيە سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى. ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك ۋە گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ مۇھىم بىر فرونتى. شۇ سەۋەبلىك، ھەقىقىي سەنئەتكار ئىشىك تاقىۋېلىپ «غىلاپ بەندىسى» بولالماي-دۇ، ئۇ تۇرمۇش پەرزەنتى، كۈرەش لاچىنى، خەلق جەڭچىسى، ھەق-قانىيەت ۋە گۈزەللىك ھامىيسى بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەتكارنىڭ تارىخىي ئورنى، ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە مە-نىۋى تەسىرى ئۇنىڭ مەنىۋى سۈپەتلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار تارىخنىڭ مەھسۇلى. ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىلەر ئالدىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان زامان ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنى، جۈملىدىن ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنى يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سەنئەتكار مەدەنىيەت ۋە ئىقتىدار مۇجەسسەملىكىنىڭ نە-تىجىسى، ئەڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت تۆپرىقى ۋە ئەڭ باي ئىجادىي ئىق-تىدار جەمغىرلىنىۋاتقان دەۋردە، يارامىلىق ئەقىل ـ ئىقتىدار ۋە بە-دىئىي ماھارەت ئىگىلىرى خۇددى، قايناق بۇلاقتەك ھايات سەھنى-سىگە كىرىپ كېلىدۇ. بۇ تارىخنىڭ، خەلقنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ رو-ھىيەت دۇنياسىنىڭ ئەزىمەتلىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ۋە مەيدانغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ھەقىقىي سەنئەتكار ئالىيجاناب قەلب ئىگىسى بولۇشى لازىم. ئۇ ئىلغار دۇنيا قاراشقا، ئىلغار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولۇشى، ئۇ ئىنسانپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ھەققانىيەتپەرۋەر روھقا ئىگە بولۇشى، مۇمكىنقەدەر ماركسىزملىق ئىدىيىگە، كوممۇنىستىك غايىگە، ئىنقىلابىي ۋىجدان ۋە ئىپتىخارغا ئىگە بولۇشى لازىم. ھە-قىقىي سەنئەتكار ئالىي دەرىجىدىكى مەنىۋى بالداققا، كامالەتكە ۋە-كىللىك قىلىشى، ھەرگىزمۇ ئۆز قەلبىنى، پىكىر يولىنى تۆۋەن،

تار، قاراڭغۇ ۋە چىرىكلەشكەن قىلىپ قويماسلىقى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىپتىكا»دىن

ئالىيجاناب قەلب مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقلىي ئىقتىدار ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. بۇنداق مۇستەقىل تەپەككۇر قۇدرىتى سەنئەتكارنى ئۇزلۇكسىز رېئال تۇرمۇش جەريانىدا ھەقىقىي قەلب ئىگىسى بولۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ سەنئەتكارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەنىۋى شەرتى، مەنىۋى كامالەت شەرتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىپتىكا»دىن

مۇستەقىل تەپەككۇرسىز ھېچقانداق مەنىۋى كامالەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، سەنئەتكار مەنىۋى كامالەتتىن مەھرۇم ئىكەن، ئۇنىڭ سەنئەتكار دېگەن نامغا مۇناسىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەسەر سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيەت كرىستالى سۈپىتىدە ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتى تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن بولىدۇ. سەنئەتكار ئۇچۇن ئۆزىنى دۇنيا قاراش جەھەتتە يۈكسەلدۈرۈش ئەڭ ئالدىرايدىغان تۇنجى سالاھىيەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىپتىكا»دىن



سەنئەتچى نەزەرىيە جەھەتتە بىلىمسىز قالىدىكەن، تۇرمۇش بىلىملىرى ھەر قانچە كۆپ بولغان بىلەنمۇ ئۇ ئاڭسىز، ماھىيەتسىز، رەتسىز، قىممەتسىز نەرسە سۈپىتىدە قالىدۇ، سەنئەتچىنىڭ نەتىجىلىرىنى جۇلالاندۇرالمايدۇ. سەنئەتكار ئۆز ساھەسىدىن باشقا

بىر ياكى بىر قانچە جەھەتتە نەتىجە قازانغان بولسا، بۇ ئىستېدات جۇملىسىگە كىرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ھەقىقىي سەنئەتكار ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىم زاپاسلىرى ۋە ھازىرقى زامان بىلىم ئۇچۇرلىرىسىز ھېچقانداق بەدىئىي ئىجاد پائالىيىتىگە كىرىشەلمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار تۇرمۇش مۇتەخەسسىسىدۇر. ھەقىقىي سەنئەتكار ئۆز ئەسىرىنى ئىنساننىڭ دائىمىي تۇرمۇشى زېمىنىدىن ئېلىپ ئىجاد قىلىدۇ. ئىنسانىيەت تۇرمۇشى سەنئەتكار ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى ۋە ئۆز ئەسىرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر پائالىيەت ئوبيېكتىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ھېسسىيات—سەنئەتنىڭ ھارارىتى، كۈچى ۋە چاقمىقىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت ھېسسىيات ئىپادىلەش، ھېسسىيات ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە تەپەككۇرنى ئىپادىلەشنىڭ ماجازى ۋاستىسىدۇر. ھېسسىياتسىز سەنئەتنى، سەنئەت گۈزەللىكىنى، سەنئەتكارنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەت «ئىنسانشۇناسلىق» تۇر. سەنئەت—جەمئىيەتشۇناس-لىق، دىن، ئەخلاق، قانۇن، تېبابەت، مالىيە، نوپۇس ئىلمى ۋە تارىخ پەنلىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس، شۇنىڭدەك، ۋەقەچىلىك نۇقتىسى-دىنلا ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات چىنلىقى نۇقتىسىدىن ئىنسان تۇرمۇشىنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ. ئۇ نوقۇل ۋەقە چىنلىقىنى ئەمەس، بەلكى رېئاللىقنىڭ، تۇرمۇشنىڭ، تەقدىرنىڭ، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى ھەققىدىكى بىلىم ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئىنسان روھي دۇن-ياسىدا دائىم ئىنسان قەلبى، قىياپىتى، كەيپىياتى ۋە پائالىيەتلى-رىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان روھىيەت دۇنياسىنى «تەتقىق» قىلى-دۇ. سەنئەت ئاشۇ كۆپ قىرلىق چىنلىقتىن كەلگەن روھىيەت چىنلىقىنى ئوبراز شەكلىدە ئەكس ئېتىپ، ئىپادىلەپ، يەنە شۇ ئىنسانغا تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ قەلب چۆكمىلىرىدىن قاتۇرۇلغان ئىنساننىڭ ھەيكىلىدىن ئىبارەت.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

سەنئەتكار ئۆزىنى خەلق ئىچىدە يوقاتقان ۋە خەلق ھېسسىيات قاتلىمىدا ئۆزىنى تاپقان بولۇشى لازىم. سەنئەتكارنىڭ ئۆز ھېس-سىيات، شەخسىي تۆكمىلىرى يوق. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىيا-تىدا ياشايدۇ ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن**

سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتچانلىقى بەدىئىي ئەسەرنىڭ ھېس-سىياتچانلىقىغا ئايلىنىدۇ. سەنئەتنىڭ ھېسسىياتچانلىقى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتچانلىقىدىن تويۇنغان بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر سېھىرلىك ئوقيا ئوقىدەك كىتابخان ۋە تاماشىچىلارنىڭ قەلبىدە يېڭى ئويغىنىش ۋە مەنىۋى لەرزە پەيدا قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار كەڭ جامائەت ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ-نىڭ ۋەتەنگە ۋە خەلققە مۇناسىۋىتى، كىتابخانلار ۋە تاماشىچىلارغا مۇناسىۋىتى، ئۆزىنىڭ كەسىپداشلىرىغا مۇناسىۋىتى، ئۆز - ئۆزىگە، ئۆز تۇرمۇشىغا مۇناسىۋىتى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئىجتىمائىي ئەخلاققا بولغان مۇناسىۋىتى بىلەن كەسپىي ئەخلاققا بولغان مۇنا-سىۋىتى شەكىللىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار ئۆزىگە خۇراپىيلارچە چوقۇنماسلىقى، باشقىلاردىن، ھەتتا ئاۋام خەلقتىن ئۆزىگە چوقۇنۇش كەيپىياتىنى تەلەپ قىل-ماسلىقى، شەخسىي، ساختا شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلمەسلىكى، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار خىزمىتىنى چاكىنا نام - ئاتاق ئۈچۈن قۇربان قىلماسلىقى لازىم. ئۇ ھەمىشە ئۆز سەنئىتىنىڭ خەلققە تەئەللۇق-لىقىنى ئەستە ساقلىشى كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار ئۆز كەسىپداشلىرى بىلەن سەمىمىي ۋە ماھىرلىق بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى لازىم. ئۇ پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، كەسىپداشلارنىڭ ئۇتۇقلىرىغا ئالا كۆڭۈل بولمايدىغان، باشقا كە-

سىپاھسالارنى چەتكە قاقمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ھەتتا ھەر تە-رەپلىمە ئېشىپ كېتىشىنى سەممىي قوللايدىغان؛ ھەسەت - كۆرەلمەسلىك، پىتنە - ئىغۋا، بوھتان - سۇيىقەست قاتارلىق ئىللەت-لەرگە قەتئىي يول قويماسلىقى، ئۆزىنى مۇنداق جىنايەتلىك، ئا-پەتلىك، جامائەتلىك، ھالاكەتلىك ئىشتىن يىراق تۇتۇشى لازىم. بۇنداق بولمىغۇر ئىشلار بىلەن شوغۇللانغۇچى «سەنئەتكار» خەلققە ئاپەت كەلتۈرگۈچى «ئاپەتكار» ھېسابلىنىشى كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار خۇسۇسىي تۇرمۇشنى ياخشى يولغا قويۇشى كې-رەك. ئېغىز بىلەن ئەمەلىيەت بىردەك بولۇشى، ئەسەر بىلەن تۇر-مۇش بىردەك بولۇشى سەنئەتچىنىڭ مەنىۋى كامالىتىنى كۆرسىد-تىدۇ. سۆزى شېرىن، ئىش - ئەمەلىيىتى تېتىقسىز، ئەسەرلىرى گۈزەل، تۇرمۇشى چاكىنا سەنئەتكارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشقا تۇتۇش قىلىشىغا ئۈمىد باغلاش قىيىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكارنىڭ كەسپىي پائالىيىتى ئۆزگىچە بولغانلىقى ئۈ-چۈن، سەنئەتكار ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە بويسۇنۇشتىن تاشقىرى، يەنە كەسپىي ئەخلاق تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

كەسپىي ئەخلاق سەنئەتچىدىن ئۆزىنىڭ كەسپىي تەلەپلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەركىن - ئازادە، تېتىك ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

پائالىيەتچان بولۇشنى، شۇنىڭ بىلەن، شۇ كەسپىي ئەخلاق يول قويغان دائىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەتكار خەلق ئاممىسى مەنىۋى ھاياتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى. كىشىلىك مۇتەپەككۇرى. ئۇنىڭ قانچىلىك تەربىيىلىنىشى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە مەنىۋى كۈچ ۋە ئىستېتىك كۈچ بېغىشلايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

ھەقىقىي سەنئەتچى ئۆز ئەسىرىنى يالغۇز ئاممىنىڭ تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان ۋاقتىدا بىر مەزگىللىك زوقلىنىپ قەدىرلىشىنىلا نەزەردە تۇتۇپ ئەمەس، بەلكى خەلقنى پۈتۈنلەي غەپلەتتىن ئويغىتىش ۋە ئۆز ئەسىرىنى پۈتۈنلەي ئويغانغان، يۇقىرى سەۋىيىلىك جامائەتكە بەدىئىي زوق بېرەلەيدىغان قىلىپ ئىشلەپ چىقىرىشى لازىم. سەنئەتچى بۇ جەھەتتە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ، قىسمەن زوقلىنىش بىلەن پۈتۈنلەي زوقلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشى كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»دىن

سەنئەتچى رېئاللىق ۋە ئۆز ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى ئارقىلىق بەدىئىي ئەسەر يارىتىپ، كىتابخان (تاماشىچى) ئالدىغا تۇرمۇشنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسىنى قويىدۇ. كىتابخان (تاماشىچى) رېئال تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان، ئۆز مېڭىسىدە ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا

باي تەسەۋۋۇر ۋە پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرغان جانلىق كىشىدىن ئىبا-رەت. زوقلانغۇچى ئۆز نۆۋىتىدە پاسسىپ، نوقۇل تەسىر ۋە تەربىيىگە ئۇچرىغۇچى بولماستىن، ئۇنىڭمۇ كۆزەتكۈچى، باھالىغۇچى، ئىجاد قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلماسلىق كېرەك. زوقلانغۇچىلار سەنئەتكاردىن سان جەھەتتە كۆپ، ساھەسى ھەر تەرەپلىمە، تۇرمۇش تەجرىبىسى مول، ئۇلار ئاۋۋال ئۆزى بىلگەن تۇرمۇشنى، بەدىئىي غايىنى نەزەردە تۇتىدۇ ۋە شۇ ئاساستا بەدىئىي ئەسەرگە مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

سەنئەتكار ئۆز ئەسىرىنى جاھان سەنئەت ۋە مەدەنىيەت خەزى-نىسىگە يوللاۋاتقىنىدا ئۆز ئالدىدا چەكسىز زاماندىش ۋە كەلگۈسى زامان زوقلانغۇچىلار تۇركۇمى تۇرغانلىقىنى جىددىي جاۋابكارلىق بىلەن ئويلىشى كېرەك. بەدىئىي ئىجادىيەت ساختا شۆھرەت ۋەس-ۋەسىسى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە مۇقەددەس ئىنسانىي روھنىڭ مۇقەددەس ۋىجدانىي بۇرچى ھۆكمى بىلەن مەيدانغا چىقىشى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



سەھنىدە ئوينالغان سەنئەت تۇرمۇش گۈزەللىكىنىڭ ۋىناس-تەك ئۆزىنى بېزەش بىلەن ئەمەس، بەلكى چىنلىق يۈكسەكلىكى-نىڭ پرومىتۇسىدەك ئىنسانىيەت قەدىر ـ قىممىتى ۋە تەقدىرىگە ھامىيلىق قىلىشى كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھايات درامىلىرىدىن چەتتە قالغان، ھايات درامىلىرىغا مۇخالىپ بولغان سەنئەت ئەپۇ قىلىنمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

سەنئەت نەزەرىيىسى گەرچە گۈزەللىك مەسىلىسى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولسىمۇ، ئەمما سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى گۈزەللىك مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى تىپىك مۇھىت ۋە تىپىك ئوبراز مەسىلىسىدىن ئىبارەت. باشقىچە ئېيتقاندا، تىپىك مۇھىت ئىچىدىكى ئادەمنىڭ رېئال ھاياتىنى قايتا ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىپىك ئوبرازلار مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ گۈزەللىك مەسىلىسىدىن باشقا يەنە بىر قاتار ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سەنئەت، بىر خىل مەنىۋى، ئىدىيىۋى پائالىيەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مەنىۋى ئېستېتىك ئالاقىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىپادىسى، كىشىلەرنىڭ رېئاللىقنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى بىلىشى ۋە ئۆز ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى ئوبرازلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلىشىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلىدىن ئىبارەت.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سەنئەت، ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىر خىل شەكلى، ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سەنئەتنىڭ بىلىش رولى ھەقىقەتلىك ۋە ھېسسىياتلىق قىممەتكە ئىگە. ئۇ ئىنسان ۋە ئىنسان ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەرنى ئوبرازلىق ۋە تىپىكلىك بىلەن ئىپادىلەشتە، ئۇنىڭ ماھىيىتى، ئەسلىي ئەھمىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتە، ئىلىم ـ پەنگە ئوخشاش ھەقىقەتلىك قىممىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە چوڭقۇر، جانلىق ئىجتىمائىي ھېسداشلىقىمۇ ئىگە بولىدۇ. ئۇ رېئاللىقنى فوتو ئاپپاراتتەك قايتا ئەكس ئېتىش، ساددىلىق مەلۇماتلارنى «ئەمەلىي خاتىرىلەش» بىلەن ئەمەس، بەلكى تىپىك مۇھىت، تىپىك زىددىيەت ۋە توقۇنۇش، تىپىك پېرسوناژلار ئارقىلىق جانلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ ئەكس ئېتىپ، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىغا، ھېس ـ تۇيغۇسىغا، ئەخلاقىي قارىشىغا، سىياسىي قارىشىغا، تارىخىي قارىشىغا ۋە ئېستېتىك كۆز قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سەنئەت، گۈزەللىكنى بىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى بولۇپ، سەنئەتنىڭ ئېستېتىك قىممەت يارىتىش شەكلى، ئوبراز يارىتىش شەكلى، ھېسسىياتلىق تىل شەكلى، ئېستېتىك تەسىر قىلىش شەكلى، ئېستېتىك تەربىيە شەكلى ھەرخىل ۋە كونكرېت ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلەنگەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سەنئەت، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىپادىسى.

www.uyghurkitap.com

سەنئەت ئەسەرلىرى، ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي شەكلى.

سەنئەت ئىجادىيىتى، سەنئەتچىنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىجادىيەت پائالىيىتى.

سەنئەتچى، ئىنسان، ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسمى، ئىنسانىيەتنىڭ سۆزچىسى، ئىنسانىيەت گۈزەللىك كۆز قاراشلىرىنىڭ تەربىيىچىسى، بەدىئىي سەنئەت ئىجادچىسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سەنئەتچى خەلق پىكرىنى بايان قىلغۇچى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

خەلققە قارشى يۈزلىنىش ئالغان كىشى ھەقىقىي سەنئەتچى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سەنئەتچى، دەۋرنىڭ پەرزەنتى. سەنئەت، رېئاللىقنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. ئۇ ئىپادىلىگەن رېئاللىق مۇئەييەن ئىجتىمائىي دەۋرنىڭ تىپىك رېئاللىقى، شۇندىق بولغاچقا، سەنئەتچى ۋە سەنئەت ئەسىرى دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. سەنئەتچىنىڭ ئۆزى دەۋر مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ رېئاللىقنى چۈشىنىشى، دۇنيا قارىشى، ئىجتىمائىي ئورنى، ئەسەر مەزمۇنى، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك سەۋىيىسى دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سەنئەتچى خەلقنىڭ تەربىيىچىسى. مەلۇمكى، ھەقىقىي مەنىسىدىكى سەنئەت «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» بولماستىن، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ماشىنىسى. ئۇنىڭ رېئاللىقنى ئېستېتىك جەھەتتە چۈشىنىشى، چۈشەندۈرۈشى، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەتراپلىق راۋاجلىنىشىغا تۈرتكىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن، ئۇ پۈتكۈل مەنىۋى يۈكسەلدۈرۈش تۈرىنىڭ بىر ساھەسى، پۈتكۈل تەربىيە سىستېمىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

سەنئەت زوقلىنىش ۋە باھا (تەنقىد) دىن ئايرىلالمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل سەنئەت پائالىيىتىنى، سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە بەدىئىي زوقتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل قىلىنغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن



ئىنسان — سەنئەتنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سۇبيېكتتۇر. ھۈنەر ـ سەنئەت ئىنساننىڭ ئۆز نۇسخىسىنى تامغا قىلىپ تۇرمۇشنى خاتىرىلەش تارىخىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» تىن

نەغمە ـ ناۋا جانلىق مىللەت، ئوتلۇق قەلبنىڭ مېلودىك تى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىقى. ئۇ، ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسۇنكار مەدەنىيەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» تىن

ناخشا ـ ئۇسسۇل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۇنجى، رىتىملىق ئىپادىلەنگەن پوتېنسىئال ئاڭ پارتلىشى، ھېسسىيات ئارقىلىق ھېسسىياتقا تامغا بېسىشى ۋە ھايۋاناتتىن توپ پەرقلەنگەن روھىيەت ئۇيغۇنلۇقى بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردىلا مەيدانغا كەلگەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» تىن

يىپەك يولىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەر ئۆزىنىڭ ھەربىر تارىخىي قاتلىمىغا ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى ئۇل ۋە ئوزۇق قىلغان بولۇپ، ئۇ، مەنبەسى يىراق، ئېقىنى قايناق، تۈزۈلمىسى گۈزەل، ئۇنۇمى ئەۋزەل سەنئەت مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ناخشا ـ ئۇسسۇلنى، باشقىچە ئېيتقاندا، مۇزىكا، شېئىرىيەت، ئۇسسۇل، تىياتىرنى بىر گەۋدە قىلغان گېنىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن ئەلنەغمىلىك—ئومۇمىي خەلق (ئاممىۋىلىك) خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن تەپەككۇر تېرەنلىكى بىلەن ھېسسىيات ئۇچقۇرلۇقى؛ ئەدەپ ـ ئېتىكىلىقى بىلەن ئىشرەت ـ جۇشقۇنلۇقى؛ ئاھاڭداش، كۆرۈش، ھېس قىلىش قاتارلىق ئۆتۈشمە تەسىرچانلىقى؛ ئوردا ـ كلاسسىك شەكلى بىلەن خەلق مەشرىپى—فولكلور شەكلىنى بىللە ساقلىغانلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى

ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامايىش قى-
لىپ كەلدى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» تىن

ئىنسان روھى تۈزۈلمە، ئاڭلىق ئىزدىنىشكە ئىگە ماددا بولۇ-
شى بىلەنمۇ تامغا ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز ـ
ئۆزىگە، ئۆزگىلەرگە ئۇچۇر قىلىدۇ. بۇنداق ئۇچۇر يەنىلا تارىخىي
ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. مەدەنىيەت شۇنداق سىگنال، تامغا،
ئۇچۇر ئارقىلىق ماددىي ھالەتكە كىرگەن ئاڭدىن ئىبارەت. ئىنسان
تامغا ئارقىلىق پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەدەنىيەتلىك ھايۋان.
ئىنساننىڭ ئەمگەك قوراللىرىدىن ئۇنىڭ سەنئىتىگىچە بولغان
ھەممە ئىجادىيىتىدە تەبىئەتكە تەقلىد قىلىنغان ۋە روھىيەتكە
تەقلىد قىلىنغان مىغلىق ئالامەت گەۋدىلەنگەن. بۇ يەردە تىلغا ئې-
لىنغان «روھىيەتكە تەقلىد قىلىنغان» دېگەن ئىبارە ئىنساننىڭ
ئۆز قەلبىنى ماددىي ياكى ئوبراز سىمۋوللۇقىنى ماددىيلاشتۇرۇش،
سىرتلاشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتىدۇ. سەنئەت دەل ئۇنىڭ تىپىك ئىپا-
دىسى بولۇپ، مۇزىكىغا روھىي تامغا، ئۇسسۇلغا قەلب ئوبرازى
سىڭگەن بولىدۇ. ئۇسسۇلچى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەڭ بىۋاسىتىسى
تاشقى دۇنيانى ئىپادىلەش بولماستىن، بەلكى ئىچكى دۇنيانى ھەم-
مىگە كۆرۈنۈشلۈك تاشقى دۇنيا شەكىللىرى بىلەن سىمۋوللاش-
تۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك سى-
رى» دىن

سەنئەت—ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى، ئۆز تۇرمۇشى ۋە

www.uyghurkitap.com

روھىيىتىنى قايتا ئۇبرازلاشتۇرۇش سەمەرىسى بولۇپ، ئۇ، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىنسان روھىيىتىنىڭ تارىخىي راۋاجى، تارىخىي ھالىتىدىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس. ھەقىقىي مەنىسىدە، سەنئەت تارىخى—ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخى، روھىي مەدەنىيەت تارىخىدىن باشقا نەرسە بولغان ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كۆسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا»-دىن

مۇھەببەتسىز سەنئەتنى، سەنەملەرسىز مەشرەپنى، مەشرەپسىز ئەنئەنىۋى فولكلور ـ مۇقاملارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» دىن

ھۈنەر سەنئىتى—ھۈنەردىن ئىبارەت. ئانا قارنىدا دۇنياغا كەلگەن تۇنجى سەنئەت پەرزەنتتۇر.

ئا.مۇھەممەتئىمىن: «سىكتاي قەبىلىلىرىنىڭ مىتال ھۈنەر سەنئىتى»دىن

مېلودىيە — مۇزىكىنىڭ جېنى ۋە ئاساسىي ئۆزىكى. مېلودىيە—مۇزىكىلىق ئىپادىلەشتىكى ئاساسىي ۋاستە سۈپىتىدە مۇزىكىدا مىقدار ۋە سۈپەت، مەزمۇن ۋە شەكىلنى بىرلەشتۈرگۈچى. مۇزىكىلىق تىل بىلەن مۇزىكىلىق ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرگۈچى رول ئوينايدۇ. مۇزىكىنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرى ئۆزىنىڭ مەلۇم كۆيگە قارىتىلغان رىتىم، ئۇدار ۋە ئاۋاز يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكلىرىنى، ھەر خىل مۇزىكىلىق ئامىللىرىنى مېلودىيە ئارقىلىق مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. مۇزىكىنىڭ مۇنداق ھەر خىل ئامىللىرى

مۇجەسسەملىشىپ، ھەقىقىي مۇزىكىلىق ھاياتىي كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل مۇزىكىلىق ھاياتىي كۈچ مېلودىيىنىڭ ھېسسىيات ئوبرازىدىن ئىبارەت. بۇنداق ھېسسىيات ئوبرازى ماھىيەتتە ئىدراك ئارقىلىق پىكىر قىلىشقا كىرىشكەن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇزىكا سەنئىتى ئاۋازنى ۋاستە قىلغان سەنئەت، زامان خاراكتېرلىك سەنئەت، ھەرىكەت ھالىتىدىكى سەنئەت بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇ ئويناپ كۆرستىلىدىغان سەنئەتتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇزىكا سەنئىتى ئورۇندىغۇچىنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئاڭلىغۇچىغا بىۋاستە تەسىر كۆرستىدىغان ۋە كۈچلۈك مىللىي تۈسكە ئىگە سەنئەت بولسىمۇ، رايون ۋە تىل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. مۇزىكىغا تەرجىمە ھاجەتسىز، ئۇ تۈنجى خەلقئارا تىل، تۈنجى ئومۇمىي ئىنسانىي ھېسسىيات تىلىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



مۇزىكا كۈچلۈك مۇزىكىلىق ئىقتىدارغا ئىگە سەنئەت تۈرى بولۇپ، كۆپ قىرلىق ئىدراكىي ۋە روھىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئېستېتىك تەسىرى نوقۇل ئاڭلاش ھوزۇرىدىن، باشقىچە ئېيتقاندا نوقۇل زامان ھوزۇرىدىن ئېشىپ

www.uyghurkitap.com

قىياسەن ماكان خاراكتېرلىك، قىياسەن كۆرۈنۈش ۋە ئوبراز خا-راكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. كۆرۈنىدىغان ئۇقۇمىدىكى ئوبرازلار مۇزىكىدا ئويۇن قويۇش ماكانى، ئاۋاز دولقۇنلاش بوشلۇقنى، ئاۋاز تارقىتىش زالى قاتارلىقلار مۇزىكىنىڭ ئېستېتىك ئوبراز يارى-تىشقا تۇتاشقان، مۇزىكىنىڭ ئىچكى مەزمۇنى بىلەن تۇتاشقان ما-كان ئامىلى ئەمەس. گەرچە مۇزىكىدا بىۋاستە ماكان بولمىسىمۇ، تەسەۋۋۇر ماكانى، قىياسىي ماكان بولىدۇ. بۇ مۇزىكىلىق ئۇنۇم-دارلىق ياراتقان ئېستېتىك تەپەككۇر ماكانىدىن ئىبارەت. مۇنداق ماكان ئامىلى ۋە مۇزىكىلىق ئوبراز يارىتىشتا كۆرۈش سەزگۈ ئە-زالىرى ئاڭلاش سەزگۈ ئەزالىرىغا ماسلاشقان ئاساستا قانىتىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ۋاستىلىك قوشما تەسەۋۋۇر بەرپا قىلىدۇ. بۇ بىۋاستە كۆرۈشكىمۇ، چۈشەپ كۆرۈشكىمۇ ئوخشىمايدىغان بوشلۇق ۋە شە-كىل ھاسىل قىلىش شەكلىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇزىكا كۈچلۈك ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ھېسسىياتچان سەنئەت. ئۇ ئۆزىنىڭ چالغۇ ۋە مېلودىيىلىك ئەۋزەللىكلىرىگە تا-يىنىپ ھەممىگە ئورتاق مۇھىم ئىجتىمائىي تېماتىكىلارنى گەۋدى-لەندۈرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مۇزىكا ئىجتىمائىي تېماتىكىلارنى ئىنسانىي تۇرمۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ھادىسىلەر جەريانىغا ئېلىپ كىرىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئەنسىز دۇنيادىكى

ئىنساننىڭ ئەنسىز تۇرمۇشنى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى—روھىي كەيپىياتى ۋە پوزىتسىيىسى ئەينىكىدە مۇزىكىغا خاس تىپىكلىك ۋە باي، چىن، تەسىرلىك ھېسسىيات ئوبرازى ئارقىلىق گەۋدىلەن-دۇرىدۇ. مۇزىكا ئۇچۇن ئېيتقاندا ئوبراز مەزمۇنى - ھېسسىياتچان پوزىتسىيە - مۇزىكىلىق ئىجتىمائىي تېماتىكا بىر نەرسىدىن ئى-بارەت. ئۇ مۇھىتنىڭ تىپىك ئالامەتلىرىنى، دەۋرنىڭ روھىي كەي-پىياتىنى، ئىنساننىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى، مىللىي خا-راكتېر ۋە تۇرمۇش رىتىمىنى، دراماتىك زىددىيەت ۋە توقۇ-نۇشلارنى ئىپادىلەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇزىكا گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمدار قورالى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇزىكا تېببىي داۋالاش، ئىناقلىقنى كۈچەيتىش، كەيپىياتنى يېڭىلاش، روھنى ئۇرغۇتۇش جەھەتتە ئۇچۇق نۇتۇقلۇق تىلغا قارى-غاندا مىسلىسىز كۈچلۈك تەسىر ئىقتىدارىغا ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇزىكىدا ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى غايەت زور ئىجادىيەت نەزەرىيىسى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇسسۇل سەنئىتى باشلانغۇچ جەمئىيەت شارائىتىدا مەيدانغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلگەن ئەڭ قەدىمكى سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇسسۇل—ئىجتىمائىي ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تۇنجى بايد-
قىشى، ئىجتىمائىي ئىنسانىنىڭ تەبىئەتكە تۇنجى بىلدۈرگەن نەر-
سىسى، تۇنجى بەدەن قىياپىتىنى ۋاستە قىلىپ ئىپادىلىگەن تىل
سىستېمىسى، تۇنجى ئاۋازسىز نۇتقى ۋە شەكىل ھاسىل قىلىش
تەرىزىدىكى گىرگىلىفلىق يېزىقى شەكلىدە مەيدانغا كەلدى. ئېس-
تېتىكىلىق جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇسسۇل—ئادەم بەدىنىنىڭ مې-
لودىيىسى، تۇرمۇش، ھېسسىيات ۋە تەپەككۇردىن ھاسىل بولغان
ئۆزلۈك (自我) پوئېزىيىسى، ئېنتولوگىيىلىك تۇرمۇشنىڭ بە-
دەن ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنگەن باشلانغۇچ دىن ۋە پەلسەپىسى شەك-
لىدە مەيدانغا كەلدى. دەر ھەقىقەت، ئۇسسۇل—ئىنسانىنىڭ ماھ-
يەتلىك كۈچلىرىنىڭ ئاۋازسىز چۇقىنى، دەسلەپكى ئېستېتىكىلىق
تۇيغۇنىڭ يالقۇنى ۋە سېھىرلىك ئەپسۇنى سۈپىتىدە سەنئەت سارد-
يىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان
ئۇسسۇل مەدەنىيەت قاتلىمىدا ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ۋارىسلىق قىلغان
مول ئىپتىدائىي ئۇسسۇل ئامىللىرى چوڭكە ھاسىل قىلدى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆزىنىڭ نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئۇزاق
تارىخىدا ئىنسان بەدىنى ئارقىلىق ئىنسان قەلبىنى ئىپادىلەيدىغان
نەپىس سەنئەت شەكلى، بەدەن مەدەنىيىتى مەلىكىسى بولۇپ شە-
كىللەندى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇسسۇل سەنئىتى—ھەرىكەتچان ھالەتتە شەكىل ھاسىل قىلىدىغان، زامان ـ ماكان خاراكتېرلىك، ھېسسىيات ئىپادىلىگۈچى ۋە ئويۇن كۆرسەتكۈچى بەدەن سەنئىتى ھېسابلىنىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇسسۇل سەنئىتى—مۇئەييەن ئۇسسۇللۇق رىتىم ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، ئۇسسۇلچى بەدىنىنىڭ كۆرۈنۈشلۈك، قياپەتلىك ۋە ھېسسىياتلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، كىشىدە كۈچلۈك قوشما تەسەۋۋۇر ۋە ئېستېتىك تەسىر قوزغىتىدىغان ئو-يۇن كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت سىمۋوللۇق، ئۇلگىلىك ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا—ئۇسسۇللۇق لۇغەت تەركىبلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاندىلا، ئۇسسۇللۇق تەسەۋۋۇر ۋە ئىدراكىي بىلىشنى ھاسىل قىلالايدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

53

ئۇسسۇل زامان خاراكتېرلىك سەنئەت بولۇپ، مۇزىكىلىق راۋانلىق ۋە رىتىمدارلىققا ئىگە. مۇزىكىلىق رىتىمسىز ئۇسسۇل-لۇق ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇسسۇلنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىشىدىكى ئاساسىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىلىك تارقىتىشى

سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت مۇزىكىلىق رىتىم بىلەن ئىچىلىدۇ، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت ئۆزگىرىشى مۇزىكىلىق رىتىمنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. ئۇسسۇلدىكى ھېسسىيات ئىپادىلەش ۋە قىياپەتلىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىش مۇزىكىلىق رىتىم بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇسسۇل سەنئىتىدە ھېسسىيات ئىپادىلەش كۆز، يۈز، قول، پۇت ۋە پۈتۈن بەدەننىڭ ئۇسسۇللۇق ھەرىكىتى، جۈملىدىن گىرىم، كىيىم، داجۇي، دېكوراتسىيە ۋە مۇزىكا ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. بۇنىڭدا قەدەم ھەرىكىتى ئالاھىدە ھېسسىيات تىلى ھېسابلىنىدۇ. قەدەملەر ھېسسىياتنى، خاراكتېرنى، قەلبنى ئىپادىلەيدۇ. مەزمۇت قەدەم—ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىكنى، ئالجوقا قەدەم—ئالاقزادىلىكنى، ئەۋرىشىم قەدەم—سۆيگۈ نازاكىتىنى، بوشاڭ قەدەم—ئىرادىسىز-لىكنى، جىددىي قەدەم—خاتىرجەمسىزلىكنى ئىپادىلەيدۇ. قەدەم ھەرىكەتلىرى كۆز ھەرىكەتلىرى بىلەن، ئۇسسۇلچىنىڭ ئىپادىلى-گەن ھېسسىياتى تاماشىبىن قەلبىدە ئەكس سادا، دىلكەشلىك ھەتتا مەھلىيالىق پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇسسۇلنىڭ تەنتەنىسىدىن ئىبارەت.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇسسۇل سەنئىتى كۈچلۈك ئېستېتىك تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇسسۇل سەنئىتى باشقا سەنئەت شەكىللىرى بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئوبراز يارىتىش، ھېسسىيات ئىپادىلەش

ۋاسىتىلىرى، كەڭ مەنىلىك ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق تۇرمۇشنى، پىكىر ـ ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەسىر ۋە ئېستېتىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. مۇنداق ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك تەسىر ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاڭ ئارقىلىق بىلىشى، مىللىي پسىخىك ئامىللارنى شەكىللەندۈرۈش ۋە مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى بېيىتىش، مىللەتنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنى قويۇلدۇرۇش، مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ھارغىنلىقىنى چىقىرىپ ئېستېتىك ھۇزۇر بېرىش، روھنى ئۇرغۇتۇش ۋە داۋالاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىغا يېقىنلاشماي، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى، بەدىئىي، ئەخلاقىي، غايىۋى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك خاسلىقىنى، مىللىي خاراكتېرى، ھېسسىيات ئۇرغۇلىرىنى ۋە باشقا مىللىي پسىخىك تۈزۈلمىسىنى چۈشىنىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى دېيىش مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» دىن

مۇزىكىغا ئىنسان روھىيىتىنىڭ دولقۇنلۇق تامغىسى، ئۇسسۇلغا ئىنسان قەلبىنىڭ ئوبرازلىق ئۇچۇرى سىڭگەن بولىدۇ.

بولارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت بىلەن روھىيەتنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مۇئەييەن ئېتنولوگىيىلىك ئەنئەنە ئاساسىدىكى ئارىلاشما سىمۋولى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» دىن

مۇزىكا سەنئىتى، كۈچلۈك ئېستېتىك تەسىرلەندۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

مۇزىكا—ئۆزىنىڭ بارلىق مۇزىكىلىق تىل ۋە ئوبراز يارىتىش ۋاستىلىرى بىلەن ئىنسانىنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى، مۇھىتىنىڭ تىپىك ئالامەتلىرىنى، دەۋرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى، مىللىي خاراكتېر ۋە روھىي زىددىيەتلەرنى، دراماتىك توقۇنۇشلار ۋە ئىش - ھەرىكەت قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

مۇزىكا سەنئىتى—مۇزىكىلىق رىتىم ۋە مېلودىيە شەكىللىرىنىڭ ماسلاشقان گارمونىك راۋانى ئارقىلىق كۈچلۈك مۇزىكىلىق ئوبراز ۋە ھېسسىيات ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن ئوبيېكت ۋە مەنزىرە ھەققىدە ئەركىن تەسەۋۋۇر بېغىشلاپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مۇزىكىلىق ئېستېتىك تەسىر قوزغىتىدىغان سەنئەت شەكلى بولسا، ئۇسسۇل سەنئىتى—مۇئەييەن مۇزىكىلىق رىتىم ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، ئادەم بەدىنىنىڭ كۆرۈنۈشلۈك، قىياپەتلىك ۋە ھېسسىياتلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق

ئوبراز يارىتىپ، كىشىدە كۈچلۈك ئېستېتىك تەسىر قوزغىتىدىغان يەنە بىر خىل سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

يىپەك يولى—ئۇلۇغ بىر مۇزىكا ئەسۋابى، ئۇ، ئۇسسۇلسىز كۈيلىمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»دىن

ئۇسسۇل سەنئىتى—ئىنسان روھىيىتىنىڭ بەدەننى تامغا قىلغان قايناق ئۇچۇرى. ئۇ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى تاشقى دۇنياغا ئىپادىلەش ئىقتىدارى بىلەن تەڭ يارالغان. ئىنسان روھىيىتى ئەپسانە ۋە دىنىي تەسەۋۋۇرلار بىلەن كۈندىلىك تەبىئەت ھەم تۇرمۇش رېئاللىقى قۇچىقىدا ئۆسكەن زامانلاردا ئۇنىڭ روھىيىتى دىنىي تۈستىن خالىي بولالمىغانىدى. بۇ ھالەت ئىنساننىڭ پوتېنسىئال ئېڭىدىكى مۇرەككەپ، ئەمما تولىمۇ رېئال تەركىبلەر بىلەن بىللە تولىمۇ ئۇزاق ياشىدى ۋە ياشىغۇسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»دىن



مۇزىكا—ئىككىنچى دۇنيا، ئىككىنچى بوشلۇق. مۇزىكا ئاڭلاش مۇشۇ دۇنيا، بوشلۇققا قىلىنغان ئەڭ راھەتلىك ساياھەت. ئۇ يەنە روھنى گۈزەل رىتىم، خىيال، تەسەۋۋۇر، نەپەس بىلەن پاكىزلايدۇ، پىتىنخورلار مېنىڭچە، مۇزىكىغا خۇشى يوق بولۇشى ئېھتىمال.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەزگۈ مالائىكە» دىن

ناخشا ـ كۈي بولۇۋاتقان جايدا سۈكۈتتىن باشقا نەرسە بولمىسۇن، ئۆزئارا سۆزلەشمەي، جىم تۇرۇپ ئاڭلىماسلىق ئۇنىڭ لەززەت ـ قىممىتىگە يەتمىگەنلىكتۇر.

ئەبۇ نەسر فارابى

تائام—ھاياتنىڭ ئوزۇقى، مۇزىكا ـ كۈي بولسا مەنىۋى ھايات، روھنىڭ ئوزۇقىدۇر، چۈنكى ئۇ ئىنسان زېھنىنى ساپ قىلىدۇ، قايغۇنى يىراقلاشتۇرۇپ، تەبىئەت، مىجەزنى يۇمشىتىدۇ، ساراڭنى تۈزەپ، گالۋاڭنى سەگەك قىلىشتا پايدىلىق داۋادۇر.

ئەبۇ نەسر فارابى

مەنتىقە ھېچقانداق سەنئەتسىز بىلىمدە ھېچقانداق ئىشەنچىلىك نەتىجىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇنىڭ مەنتىقە دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبمۇ سۆز نۇتۇق بىلەن، ئەقىل تىل بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئەبۇ نەسر فارابى

بۇ سەنئەت بەدەن سالامەتلىكىگە شۇ مەنىدە مەنپەئەتلىككى، بەدەندىكى ئاغرىق بەزىدە روھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇ چاغدا بەدەن بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، روھمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ قۇۋۋىتى سۇبىستانسىيىگە ماسلىشىپ، ئاجىزلاشقان بولىدۇ، بەدەننى داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، روھنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ، مۇزىكىلىق ئاۋاز تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدا پائالىيەت ھاسىل بولىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

سەنئەت گرامماتىكا سەنئەتتى بىلەن قوشكېزەكتۇر.

ئەبۇ نەسر فارابى

مۇزىكا تۇغما ئىستىبدات ۋە تۇغما ئىقتىدار شارائىتىدىن را-ۋاجلىنىپ، بىر ئىلىمگە ئايلانغان بولۇپ، مۇزىكا ئاۋازى مۇئەييەن قىزغىنلىق، مۇئەييەن ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

خەتتاتلىق سەنئىتىدە ئۇزۇن زامان تىرىشىپ مەشىق قىلىش نەتىجىسىدە ئادەم كامالەتكە يېتىدۇ، بۇ سەنئەت بىلەن قانچىكى كۆپ مەشغۇل بولسا، بۇ سەنئەتتە شۇنچە كۆچلۈكرەك ۋە مۇكەم-مەلرەك بولىدۇ، بۇ ھەرىكەتنى داۋاملىق تەكرارلاش ئارقىلىق، ئۇ-نىڭ ماھارىتىمۇ ئۆسۈپ بارىدۇ، بۇ روھىي ھالەتتىن كېلىپ چى-قىدىغان لەززەتمۇ ئېشىپ بارغانچە ئادەمنىڭ ئۆزى تېخىمۇ زور خۇشاللىق، ئىشتىياقتا بۇ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

ئەمەلدە نېمە بولسا، شائىر شۇنىڭغا ئوخشىتىپ سۆز - ئىبا-رىلەر بىلەن ئىپادىلىسە، ھەيكەلتىراش ئۇنى ئۆز ھەيكەلتىراشلى-قىدا قايتا ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ خۇددى ھايۋانلارغا تەقلىد قىلغۇچى ئۆز پائالىيىتىدە ھايۋان ھەرىكىتىنى قايتا ئىشلەپچىققانغا، شاھ-ماتچى جەڭ پائالىيىتىنى قايتا گەۋدىلەندۈرگەنگە ئوخشايدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

سەنئەتنىڭ ئەھلى بولغان كىشىلەر بىلەن رەسساملاردا مۇئەييەن باغلىنىش بولىدۇ، شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، گەرچە ئۇلارنىڭ سەنئەتتىكى ماتېرىياللىرى پەرقلەنسىمۇ، شەكلى، ئىجادىيىتى ۋە مەقسەتلىرى بىردەك ياكى ھېچ بولمىسا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

شېئىرىيەت سەنئىتى مۇھاكىمىدىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرسە، رەسساملىق سەنئىتى رەڭلەردىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ پەرقى مانا مۇشۇنىڭدا، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىسى ئىنسانىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە سەزگۈلىرىدە تەقلىد ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

ئەڭ گۈزەل شېئىرىيەت پەقەت تەبىئىي شائىرلاردا يۈز بېرىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

شېئىرىيەت بىر ئىلىمدۇر. ئۇ سۆزدىن ئۇنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن ئىنچىللىقىنى ماسلاشتۇرۇپ پايدىلىنىشنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ نىسبەتچانلىقى بىلەن تۇراقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ پايدىلىنىشنى ئۆگىتىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭ ساداسى—ئادەم روھىغا مەنىۋى ئوت ياققۇچى ئامىل. ئۇنىڭغا نەزم تىلى قوشۇلغاندا، ئۇ مۇڭنىڭ مەزمۇنى روشەنلىشىدۇ، يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان ھۇزۇرنى

مېنىڭ قالۇنۇم سىملىرىدىن ئالغايسىز.

ئەبۇ نەسر فارابى

ئەگەر سۆز - ئىبارە شۇنداق شەيئىلەرگە تەقلىد قىلىنىشتىن ھاسىل بولغان بولسىمۇ، شېئىر ۋەزنىگە چۈشمىگەن ۋە رىتىمسىز بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ شېئىر ھېسابلانمايدۇ. پەقەتلا شېئىرىي ئىبارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر شۇنىڭغا ئوخشاش بولغان سۆز - ئىبارە شېئىرىي ۋەزنىگە چۈشكەن ۋە تۇراقلارغا بۆلۈنگەن بولسا، ئۇ شېئىر ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

مۇزىكا سەنئىتى كىشىدىكى تەبىئىي ئىقتىدار بىلەن مۇزدىكلىق تالانتنى بىر - بىرىگە يېقىن تۇتاشتۇرىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

مۇزىكا كۆي خۇشاللىق ۋە تۇرمۇش ھۇزۇرىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى

شېئىردا گۈزەللىكتىن نىشان بولمىسا، تەكەللۇپسىز نەزم ئەيلىگەنگە باراۋەر.

ئەھمەد خۇجامنىياز قىسۇرى

سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى—ھېسسىي بەدىئىي ئوبراز شەكلى بىلەن چىنلىقنى نامايان قىلىپ بېرىشتۇر.

گېگېل

چىنلىقنى قىزغىن سۆيۈڭ، چۈنكى چىنلىق گۈزەل بولىدۇ. سىز چىنلىقنى پەرق ئېتەلىسىڭىزلا، ئۇ سىزدە چوڭقۇر تەسىراتى قالدۇرىدۇ.

ئەنگېلس

بارلىق گۈزەل، ياخشى سەنئەتنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ روھىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭغا تاشقى جەھەتتە ھېچقانداق بېزەش كەتمەيدۇ.

دېلاك كىن

بەدىئىي ئەسەرلەر قانچە ياخشى ئىپادىلەنسە، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىدىيىسى شۇنچە چوڭقۇر، ئىچكى چىنلىققا ئىگە بولىدۇ.

گېگېل

ئېرىگە سادىق ئايالغا ئۆزىنى ياساش ھاجەتسىز بولغانغا ئوخشاش، ھەقىقىي سەنئەتكە بېزەش ياكى ياسالمىلىق كەتمەيدۇ. ياسالما سەنئەت خۇددى بۇزۇق ئايالغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ دائىم ئۆزىنى قېنىق گىرىم بىلەن بېزەپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

رودەن

دۇنيادا گۈزەل، ياخشى شەيئىلەر ھەقىقەتەن ئاز. ئەڭ گۈزەل، ياخشى بولغىنى سەنئەت. سەنئەت ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئالىيجاناب بولغىنى يەنىلا گۈزەل، ياخشى شەيئىلەرنى پەرەز قىلدىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان سەنئەتتۇر.

—گوركىي

بىز كىتاب ئوقۇۋېتىپ بىرەر خاتا تەسۋىرلەشكە دۇچ كەلگەندە، چىنلىق تۇيغۇسى بىزگە «بۇنىڭغا ئىشەنمە» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئەگەر بۇ خىل تۇيغۇنىڭ بىزگە ۋارقىرىغان قېتىم سانى بەك كۆپ بولىدىكەن، ئۇ چاغدا بۇ كىتاب هازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ هېچقانداق قىممىتى بولمىغان كىتاب بولۇپ قالىدۇ. دۇنيادىكى داڭلىق، ئۆچمەس ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولۇشىنىڭ سىرى— ئۇنىڭ چىنلىققا ئىگە بولغانلىقىدا.

بالزاك

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە هازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شەيئىلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە بىز ئۈمىد قىلىۋاتقان ۋە بارلىققا كېلىش ئېهتىمالى بولغان شەيئىلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

گوركىي

چىنلىق بولمىسا، سەنئەت ئۆزىنىڭ ئاساسىنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. چىنلىققا بەدىئىيلىك قوشۇلسا، ئاندىن گۈزەل بولىدۇ. شۇڭا ئويۇن قويغاندا، چىنلىق ئىچىدە بەدىئىيلىك بولۇشى، بەدىئىيلىك ئىچىدىمۇ چىنلىق بولۇشى كېرەك.



گەي جياۋتيەن

سەنئەتتە ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى—چىنلىق. ئەمما، هەرقانداق تاسادىپىي نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى تاللىمايلا ئۇنى بەدىئىي چىنلىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بەدىئىي چىنلىق—تىپىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. تېمىنى تۇرمۇشنى كۆزىتىش داۋامىدا تاللىشىمىز لازىم.

لىس زىفىلك

بەدىئىي چىنلىق—تۇرمۇشتىكى چىنلىقنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى چىنلىق—يازغۇچىلارنىڭ، سەنئەتكارلارنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ئىش قوشۇپ، ئىجاد قىلىشى ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ روشەن بولغان ھەم كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان چىنلىققا ئايلىنىدۇ.

چېن بو

ئىجادىيەتتە تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە تۇرمۇشنى تەسۋىرلەش كېرەك.

چېخوف

چىنلىق—سەنئەتنىڭ جېنى. ئەگەر مەلۇم بىر فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ ئالدى بىلەن تاماشىبىنلارغا چىنلىق تۇيغۇسىنى بەرمەي، ساختىلىق تۇيغۇسىنى بېرىدىكەن، ئۇ چاغدا، ئىجادىيەتچىنىڭ ئىجادىيەت يولىدا سىڭدۈرگەن بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

يۈەن ۋېنشۇ



بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن بىر ئاملىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىمىز، بۇ ئامىل كەم بولسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قىممىتى يوقاپ كېتىدۇ. بىز بۇ يەردە تىلغا ئالغان ياكى كۆزدە تۇتقان ئا-

مىل—دەل چىنلىقتۇر.

دوبرولىيۇبوف

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى چىنلىق—ئوخشاش خىلدىكى نۇر- غۇن پاكىتلار ئىچىدىن تاللىۋېلىنغان جەۋھەرلەردۇر.

گوركىي

بىر گۈزەل ئوبرازنى يارىتىش ئۈچۈن، بىر مودېلنىڭ قولىنى ئېلىشقا، يەنە بىر مودېلنىڭ پۇتىنى ئېلىشقا، ئۈچىنچى بىر مو- دېلنىڭ كۆكرىكىنى ئېلىشقا، تۆتىنچى بىر مودېلنىڭ مۈرىسىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. سەنئەتكارلارنىڭ ۋەزىپىسى—ئۆزى ياراتقان ئاشۇ ئوبرازغا جان كىرگۈزۈپ، ئۇنى چىنلىققا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

بالزاك

پىكىر قىلىشنى بىلىدىغان ھۈنەرۋەن سەنئەتكار ھېسابلى- نىدۇ. پىكىر قىلىشنى بىلمەيدىغان سەنئەتكار ھۈنەرۋەنلا ھېساب- لىنىدۇ، خالاس!



سەنئەتكار سەنئەت يارىتىدۇ، ئەمما سەنئەتنى ھەممە يەردە كۆز ـ كۆز قىلمايدۇ، ئاغزىدا شەھەر ئالغۇچىلار سەنئەتنى ھەممە يەردە كۆز ـ كۆز قىلىدۇ، ئەمما سەنئەت ياراتمايدۇ. سىز سەنئەتكار بولۇشنى خالامسىز ياكى ئاغزىدا شەھەر ئالغۇچىلاردىن بولۇشنى خالامسىز؟

سەنئەتتىكى گۈزەللىك ئىككى خىل قىممەتكە ئىگە: بىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۇزۇرلىنىش قىممىتى، يەنە بىرى، ساقلاش قىممىتى، بىز ھۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە، دىققەت قىلىدىغىنىمىز—ئەسەرنىڭ ئۆزى بولىدۇ؛ بىز ساقلاش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە، دىققەت قىلىدىغىنىمىز—شۇ ئەسەرنىڭ كىمنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكى بولىدۇ.

ئومۇمەن گۈزەل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، ئەمما، سەنئەتتە ئىپادىلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گۈزەل شەيئى بولۇشى ناتايىن.

ھەشقىپىچەك ئەگەر دائىم ئىچىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇ ئۇنچىلا قىممەتلىك بولمىغان بولاتتى. ئەگەر سەنئەتكارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى بىردەملىك بولىدىكەن، ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئۇلۇغلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ.

سەنئەتكارنىڭ ئۇلۇغ ياكى ئۇلۇغ ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ سىرتىدىكى تەشۋىقاتى ۋە داۋراڭ سېلىشىغا باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە باغلىق بولىدۇ.

تارىخ كىمنىڭ سەنئەتكار، كىمنىڭ نان قېپى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ۋاڭ گوجېن



بىر كىنو ئارتىسىنىڭ نام ـ ئاتىقىنىڭ قانچە ئۇزۇن ساقلىنىشى شۇ ئارتىسىنىڭ ئۆزىگىلا باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۇ ئىپادىلىگەن ھېكايىدىكى ۋەقەلىككە، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە، شۇنىڭدەك رېژىسسورغا باغلىق بولىدۇ.

خېك. سىدنىباۋ

بەدىئىي جەھەتتە ھەرقانداق ئىشقا جىددىي پوزىتسىيە تۇتمايدىغان، تاماشىبىنلارغا ئىشەنمەيدىغان ئارتىسلار تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولالمايدۇ، تاماشىبىنلارنى بەدىئىي جەھەتتە جەلپ قىلالمىغان ئارتىس—ئۆزىنىڭ ئارتىس بولۇپ تۇرۇشىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقان ئارتىستۇر.

لىن خۇيۇ

تۇرمۇش—دېڭىز، سەھنە ئەسىرى—سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى دېمەكتۇر. دېڭىزدا ئەركىن، ئازادە ئۈزەلىسىڭىز، سۇ كۆلچىكىدە تېخىمۇ ئەركىن، ئازادە ئۈزەلەيسىز.

لەنما

سەنئەت ئادەمنى ئىپادىلەيدۇ، ئادەمنى تەتقىق قىلمىغاندا، ئادەمنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

شېي تيەن

تاماشىبىنلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ھەممىسى مەڭگۈ توغرا بولىۋەرمەيدۇ. ئەمما، تاماشىبىنلارغا سەل قارىغان ئاپتور مەڭگۈ خاتا قىلغان بولىدۇ.

لېينا. كىسدر

ئەگەر كىنو ئارتىسلىرى ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان شەيئىلەرنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالسا، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماس بولۇۋالسا، ئۇ چاغدا ئۇنداق ئارتىسلار تۇرمۇش ھەققىدە تەسىراتقا ئىگە

www.uyghurkitap.com

بولالمايدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنى تۇرمۇش ئىچىگە قويغان تەقدىردىمۇ، ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، كۆز ئالدىدىكى ئۆزىگە پىششىق تونۇش بولغان تۇرمۇشمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

دەي گۇاڭشى

ئارتىسلار خۇددى ھەسەل ھەرىسى چىرايلىق ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئارىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن گۈل شىرنىسى يىغقانغا ئوخشاش، قايناق تۇرمۇش ئېقىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆزى ئالماقچى بولغان ياكى ئېلىۋاتقان رولدىكى ئوبرازنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشى كېرەك.

جاك رۇيفاك

ئەگەر كىنو ئارتىسلىرى تۇرمۇشقا نىسبەتەن سوغۇق، ساختا پوزىتسىيە تۇتسا، تۇرمۇش ۋە سەنئەتكە نىسبەتەن سادىق قەلب بولمىسا، ئۇنىڭ ماھارىتى ھەرگىزمۇ چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلالمايدۇ.

ۋاك پېي

ئارتىسلار تۇرمۇشتا ھەقىقىي ئادەم بولۇشى، ئېكراندا ئىپادىلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تۇرمۇشتا ئىپادىلەپ يۇرمەسلىكى كېرەك. ئەگەر تۇرمۇشتا ساختىپەز بولغان بىر ئارتىس ئەمەلىي ماھارەت كۆرسەتكەندە چوقۇم چىنلىقنى ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

چېڭ جى

ئارتىسلار ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. كالللىسى قۇرۇق، ھەرخىل پېرسوناژلارنىڭ ئەسلىي ھالىتى ۋە ئۇقۇملار توغرىسىدا ساۋاتقا ئىگە بولمىغان ئارتىسلار ھەرخىل تىپتىكى روللارنى ھەرگىزمۇ يۇرەكلىك ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

شېي تيەن

قول ھەرىكىتى—ھېسسىياتنىڭ تاشقى جەھەتتىكى ئىپادىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھېسسىياتنى قوزغىغۇچىدۇر.

بېيلا. باراز

كىنو ئارتىسلىرى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، ماتېرىيال توپلىشى، ماھارەت كۆرسىتىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىنى دائىم مەشىق قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

شېي تيەن

كىنو ئارتىسلىرى رول ئالغاندا، ئۆزىنى ئاڭلىق تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. ئەڭ چوڭ ھاياجانلىنىش—ئۆزىنى ئەڭ چوڭ دەرىجىدە تىزگىنلەشتىن كېلىدۇ. ئەڭ ئىنچىكە ئىپادىلەش—ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنىشتىن كېلىدۇ.



داچې

ئارتىسلار ھېسسىياتقا باي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىدىنىڭ ھېسسىياتنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك، يەنى ئارتىسلار قايسى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتنى تىزگىنلەسە

بولىدىغانلىقىنى، قايسى ۋاقىتتا ھېسسىياتنى تولۇق ئاشكارىلىسا بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

خېك. سىدنىباۋ

ئارتىسلارنى رولغا ماسلاشتۇرغاندىن كۆرە، رولنى ئارتىسلارغا ماسلاشتۇرغاننىڭ ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ.

فېي شۋاسو

ئارتىسلار ماھارەت كۆرسىتىشتە گايىدا ئاساسلىقى تىلغا تايىنىدۇ، گايىدا ئاساسلىقى ھەرىكەتكە تايىنىدۇ. گايىدا ئاساسلىقى روھىي كەيپىيات بىلەن تەسىر قىلىشقا تايىنىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئارتىسلارنىڭ ۋەزىپىسى—پۈتۈن كۈچ بىلەن پېرسوناژلارنى يارىتىشتىن ئىبارەت.

چېن چياڭ

رېژىسسور سەھنە ئەسىرىنى بىر ئەينەك دەپ قاراش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشى كېرەك. سەھنە ئەسىرى ۋاستىگە ئايلىنىدۇ. رېژىسسور سەھنە ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىنى ئاما ئالدىدا كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، پۈتۈنلەي ئۆزىگە تەۋە بولغان نەرسىلەرنىمۇ سەھنە ئەسىرىگە قوشۇپ كۆرسىتىدۇ.



لىبي ناشۈن

رېژىسسورلار ئارتىسلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ھەر قانچە ماھىر بولسىمۇ، لېكىن ئارتىسلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدى-

لىكىننى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويغان ھالدائىش كۆرەلمەيدۇ.

فېي شۋاسو

ھەرقانداق تالانتلىق كىنو ئارتىسىمۇ رېژىسسور پۈتۈن سەھنە ئەسىرىنى چۈشەنگەندەك ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ھەرقانداق تالانتلىق رېژىسسورمۇ ئارتىسلار ئۆزى ئالغان رولنى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك كونكرېت، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

جۇڭ شۆچىن

كىنوغا رېژىسسورلۇق قىلغۇچىلار ئارتىسلار ئۇچۇن تارتىنمايدىغان، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇيدىغان كەيپىياتنى يارىتىشى، ئارتىسلارنى ئەركىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان مۇھىتقا باشلاپ كىرىشى، ئارتىسلارنى بارلىق روھىي سىرتماقلار ئىچىدىن ئازاد قىلىپ چىقىشى كېرەك.

دەي گۇاڭشى

ئىنسانلار يەر شارىنى كىنو ئارقىلىق تونۇپ يېتىدۇ.

پاسكىي

كىنو بىر خىل سانائەت، شۇنداقلا مەدەنىيەت ۋە جامائەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بىرخىل سەنئەت— دېمەكتۇر. كىنودىكى ئەڭ مۇھىم ئىش—ئوبراز ئارقىلىق ئادەمگە تەسىر قىلىش.

بىك

كىنونىڭ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك ۋەزىپىسى — ياش ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت.

پاسدوخوف

بىر كىنو ئۇستىدە قىممەتكە ئىگە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئەجاد قىلغۇچىنىڭ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا نېمە دېمەكچى ۋە نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىش لازىم.

لىن گېردىن

كىنونىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى مەڭگۈ ياش - ئۆسمۈرلەرگە قاردىتىشىمىز لازىم. بىز بىر كىنونى سۈرەتكە ئالغاندا ۋە كۆرۈنۈشنى تاللىغاندا، ئۇنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەر ئىچىدە پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئۇنۇمى ۋە تەسىرلىرىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم. كىنوچىلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش - ئۆسمۈرلەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم.

شېي تيەن

بارلىق سەنئەت ئىچىدە بىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم بولغىنى—كىنو.

لېنىن

يېڭى جەمئىيىتىمىزدىكى يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، يېڭى

قەھرىمانلار ئەمگەك روھىغا، جەڭگىۋارلىق روھىغا، كوللېكتىۋىزملىق روھقا، يۇقىرىغا ئۆرلەش روھىغا باي. شۇڭا، كىنولاردا ئەڭ ئالدى بىلەن مۇشۇ يېڭى قەھرىمان، يېڭى شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم.

جۇئېنلەي

كىنونى شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئامما ئىچىگە چوڭقۇر چۆكتۈرۈشىمىز، يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىنولارنى تېخىمۇ كۆپلەپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

لېنىن

ئارتىسلار تاماشىبىنلارغا مەسئۇل بولۇشى، سەنئەتكە مەسئۇل بولۇشى، جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇشى، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرى ئۇستىدە ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ كەتمەسلىكى لازىم. سەھنىدە ياكى ئېكراندا قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي، ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش—بىر ئارتىس هازىرلاشقا تېگىشلىك ئەقەللىي شەرتتۇر.

جۇ شىنفاڭ

رېژىسسور مۇتەپەككۇر بولۇشى، ھېچبولمىغاندا، تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. رېژىسسور بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە ساغلام ھېسسىياتنى تاماشىبىنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم.

جىن شېن

ئارتىسلار، بولۇپمۇ ياش كىنو ئارتىسلىرى مۇھەببەت باغلاش،

www.uyghurkitap.com

توي قىلىش، بالىلىق بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. بۇ مەسىلىلەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا، سەنئەت جەھەتتە ئالغا بېسىش توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ئائىلە بەختلىك بولالمايدۇ، نەتىجىدە سەنئەت جەھەتتا چېكىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ئائىلىنى دەرد ـ ئەلەم قاپلايدۇ، بۇنىڭ پەرزەنتلەرگىمۇ تە-سىرى يېتىدۇ.

چاڭ شياڭيۇ

كىنو سېنارىيىسى يازغاندا چوقۇم تاماشىبىنلارنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. سېنارىيە يېزىشتا قىلىدىغان بىرىنچى ئىش—مېنىڭ ئوبيېكتىم مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئەمگەكچى خەلق دې-گەننى ئەستە چىڭ تۇتۇشتۇر.

شيا يەن

مۇكاپاتلىنىش—خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش، ئەمما ئۇ-نى بوپىغا ئايلاندۇرۇۋالماسلىق لازىم. ئىشنى يەنىلا نۆلدىن باشلاپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش، شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى يېڭى فىلىملارنى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.

شيا يەن

رېژىسسورلار ئارتىسلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئارتىسلار رې-ژىسسورنى كۆزگە ئىلماسلىق، سەنئەتچىلەر تېخنىكلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ...قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كونا جەمئىيەتتىكى

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى. بىر كىنونى ئىشلەشتە، سىز كىمنىڭ مۇھىم، كىمنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ بۇ دەل ئادەمنىڭ بەش ئەزاسىغا ئوخشاش ھەممىسى مۇھىم، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

شيا يەن

ھەممە ئادەم كۆز بىلەن كۆرۈپ تۇرغان نەرسىنى ئېكراندا كۆرسىتىپ بەرگەنلىك، ھېچ نەرسىنى كۆرسىتىپ بەرمىگەنگە باراۋەر.

پۇدوۋكىن

بىر ياخشى كىنو خۇددى دوختۇرغا ئوخشاش ئادەمنى قۇتقۇزالايدۇ، ئادەمنى ئازاب چېكىشتىن قۇتقۇزۇپ چىقالايدۇ، ئادەمگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ، ئارتىسلىق خۇددى دوختۇرلۇققا ئوخشاشلا ئالىيجاناب كەسىپ.

چېن چۇڭ

كىنو باشقا سەنئەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى ئارقىلىق ئۆزىنى بېيىتىشى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ يېڭى قېنى ۋە جېنىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم.



پۇدوۋكىن

ئارتىسلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى تاماشىبىنلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى لازىم.

داشچاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىنونىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ.

پۇدوۋكىن

بۈگۈنكى بالىلارنى تەربىيىلەشتە كىتابىي بىلىمگىلا تايانساق، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى قانمايدىغان بولۇپ قالىدى. ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىنى بالىلار كىنولىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

جىن جىن

كىنو مەيلى ئەخلاقىي ياكى ئەقلىي جەھەتتىن بولسۇن، بالىلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان بىرخىل تەربىيىلەش ۋاستىسى.

يې جۇنجيەن

بالىلار دۆلەتنىڭ كېلەچىكى، بىز كىنو ئارقىلىق ئۇلارغا كۆپرەك مەنىۋى بايلىق قالدۇرۇشىمىز لازىم. ئۇلار ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى سىڭگەن، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، بىلىم بېرىش خاراكتېرىنى ئالغان فىلىملارنى كۆپرەك ئىشلىشىمىز لازىم.

شيا يەن

بىر رېژىسسورنىڭ ئۇسلۇبى ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرى، كۆرگەن تەربىيىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق

بولىدۇ، بەزى رېژىسسورلارنىڭ ئۆزگىچە خاس نەرسىلىرى يوق، بۇ ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس كۆز قاراشلىرىنىڭ يوقلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شېي تيەن

مەندە گەرچە ئاز - تولا تۇغما قابىلىيەت بولسىمۇ، لېكىن رول ئېلىشقا كىرىشكەندە، ماھارەت جەھەتتە يەنە مەن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. تۇغما قابىلىيەت بار دېگەن تەقدىردىمۇ، ماھارەت جەھەتتە ياخشى ئۆگەنمىسە، قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

چاپلىن

ئارتىسلارنى تىزىملايدىغان دەپتەر ياكى جەدۋەلدىكى ئىسمىنىڭ ئىلگىرى - كېيىن يېزىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، بۇ قېتىم سەن ئالدىغا تىزىلغان بولساڭ، كېلەر قېتىم ئارقىغا تىزىلىشىڭ مۇمكىن. مەن ئەزەلدىن بۇنى چوڭ ئىش دەپ بىلمەيمەن.

ئىنگېل

كىنو مۇنبىرى مېنىڭ «يۇرتۇم»، مەن يىلتىز تارتقان جاي، تاماشىبىنلار مېنىڭ يۇرتداشلىرىمدۇر، ئۇلارنىڭ كۆلكە ساداسى، ئالقىشلىرى، كۆز يېشى ۋە ماختاشلىرى مېنى تەسۋىرلىگۇسىز دەرىجىدە خۇشال قىلىدۇ، شۇڭا مەن تاماشىبىنلاردىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كېتەلمەيمەن.

ئىنگېل

ئارتىسلار ئالدى بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە تەربىيىلە-نىشى، كېيىن سەنئەت جەھەتتە تەربىيىلىنىشى كېرەك. ئارتىسلار مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى بىلمىسە، ئۇيۇندا مۇھەببەت، نەپرەت بولمىسا بولمايدۇ، مۇھەببەت چوڭقۇر بولغاندا، نەپرەتمۇ قاتتىق بولىدۇ، ئەخلاق ـ پەزىلەتى ناچار ئارتىسنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرەت روشەن گەۋدىلەنگەن روللارنى ياخشى ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.

بەي ياك

دېڭىز كەڭ بولسا، بېلىقلار ئەركىن ـ ئازادە ھەرىكەت قىلىپ ئۈزەلەيدۇ، ئاسمان ئېگىز بولسا، ئۇچار قۇشلار ئەركىن پەرۋاز قى-لىپ ئۇچالايدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، پارتىيە بىز كىنو ئارتىسلىرىغا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ كەڭ زېمىنىنى يارىتىپ بەردى. سەنئەت جەھەتتە يېڭى پەللىگە چىقىش ئۈچۈن، ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز، ئىدىيىۋى سەۋىيىمىزنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ روھىي قىياپى-تىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، جەمئىيەتتىكى يېڭى كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىمىز لازىم.

جاك رۇيفاڭ

مەن بۈگۈنكى ياش ئارتىسلارنىڭ نام ـ ئاتاق چىقىرىشقا بەك بالدۇرلا بېرىلىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن، جەمئىيەتتى-كىلەردىن ياش ئارتىسلارنىڭ ئەمدىلا نام ـ ئاتىقى چىقىشى ھامان،

ئۇلارنى قورشىۋالماسلىقىنى، ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ كەتمەسلىكىنى، تولا ماختاپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى قايدۇرماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، ياش ئارتىسلار ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىدىن پايدىلىنىپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئاساسىي ماھارەتنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى، بارلىق ئۇسۇللار بىلەن بىلىمىنى موللاشتۇرۇش جەھەتتە ئەمگەك سىڭدۈرۈشى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قابىلىيەتنى كۆپرەك ئىگىلىشى لازىم.

ۋاڭ رىنمېي

پادىشاھنىڭ رولىنى ئېلىش ياكى ئادەتتىكى ئاممىنىڭ رولىنى ئېلىش بىلەن ئوخشاشلا ئۇلۇغ سەنئەتكارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغىلى بولىدۇ، ئارتىسلار ئىچىدىكى رول تالىشىش كېسىلى نادانلىقتىن پەيدا بولىدۇ. رولنىڭ كىچىكى يوق. ئارتىسنىڭ كىچىكى بار.

چىرنى سلاپ

ئارتۇقچە ماختاش ۋە خۇشامەت ئارتىسلارنى ئاسانلا پاتقاقتا ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئارتىسلار ماختاش سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا بېرىلمەستىن، سىزنى رەنجىتىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاچچىق گەپلىرىنىمۇ ئاڭلاشقىمۇ ئادەتلىنىڭ.

چىرنى سلاپ

جەڭچىلەر جەڭدە ئۆلۈشى كېرەك، يازغۇچىلار يېزىقچىلىق

شىرەسى ئۈستىدە ئۆلۈشى كېرەك، ئارتىسلار سەھنىدە ياكى ئېكرانىدا ئۆلۈشى كېرەك.

ساۋيۇي

ئويۇن قويۇش ياكى كىنولاردا بىرەر رولنى ئېلىش ئاسان، ئەمما ئەخلاقلىق بولۇش تەس. ئارتىسلار باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشى، باشقىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، ھەسەتخور بولماسلىقى، كەڭ قورساق بولۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىسى بولغىلى بولىدۇ.

شىن فېڭشيا

ياش ئارتىسلاردا غايە بولۇشى، ئىرادە، غەيرەت بولۇشى، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشى، رولنى ياخشى ئېلىشى، خەلققە پايدىلىق، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئادەم بولۇشنى ئۈنتۈپ قالمايدىغان روھ بولۇشى كېرەك.

شىن فېڭشيا

ھەقىقەت بىلەن گۈزەل ئەخلاق سەنئەتنىڭ ئىككى يېقىن دوستى. سەن يازغۇچى، تەنقىدچى ياكى خەلق ھىمايە قىلىدىغان ئارتىس ياكى سەنئەتكار بولماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ئەخلاقلىق ئادەم بول. سەنئەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك، قىممىتى بار نەرسە—ھەقىقەت ۋە گۈزەل ئەخلاق. مۇشۇ ئىككى دوستقا تايانمىغاندا، كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگىلى بولمايدۇ.

دىدېرو

بىر پوتونلۇككە ئېتىبار بىلەن قارىمايدىغان، ئاساسىي ئىدىيىنى كۆزدە تۇتماي، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان ناچار كەيپىيات كىنودا بار، سەھنىدە بار ...كىنو ئۇنىۋېرسال سەنئەت. شۇڭا، كوممۇنىستىك ھەمكارلىق روھى بويىچە، ئورتاق نىشان ئۈچۈن ھەمكارلىشىپ ئىشلەش كېرەك. ھەمكارلىشىش مەسىلىسىدە يۇقىرى - تۆۋەنلىك مەۋجۇت ئەمەس، سەن مەن ئۈچۈن ئىشلە ياكى مەن سەن ئۈچۈن ئىشلەي دەيدىغان مەسىلىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، تاماشىبىنلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

شيا يەن

رېژىسسورلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.

جاڭ جۈنشياڭ

تۇرمۇش—يىلتىز، سەنئەت—گۈل دېمەكتۇر.

دېڭ كىن

تۇرمۇش—ھەرقانداق ئالىم ۋە شائىرنىڭ ئەسىرىدىن تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ چىن ھەتتا تېخىمۇ بەدىئىي بولىدۇ.

چېرنىشېۋىسكىي



تۇرمۇش—بۈيۈك بەدىئىي ئەسەر دېمەكتۇر، رەسىم بىلەن مۇزىكا—كىچىك بەدىئىي ئەسەر، شۇنداقلا تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك بەدىئىي ئەسەرنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلى.

خىڭ زى

ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش گەرچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن جانلىق ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەب شۇكى، گەرچە ئىككىلىسى گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن تېخىمۇ ئۈستۈن، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ مەركەزلىك، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ ئومۇملۇق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

ماۋزېدۇڭ

تۇرمۇش—ئەڭ ئۇلۇغ سۆزلۈكلەر تويلىمىدۇر.

لاۋشې

تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەندىلا، ئاندىن ئىجادىي پىكىرلەر جانلىق، ھەقىقىي ئازادلىققا ئىگە بولالايدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىزنىڭ ئىدىيىمىز تارلىقتىن كەڭلىككە، شەخسلەرنىڭ كىچىك دائىرىسىدىن كەڭ تەبىئەتكە يۈزلەنگىلى بولىدۇ.

ۋۇ شاۋباڭ

تۇرمۇش—ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكمىگەن ئادەم خۇددى قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئەدەبىي ئەسەرگە يېڭى قان بېرەلمەيدۇ.

ۋاڭ جېۋې

يازغۇچى ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش قاينىمىغا قانچە چوڭقۇر چۆكسە، ئۆزىنى شۇ پېرسوناژغا ئايلاندۇرۇۋېتەلىسە، ئۇ چاغدا، ئۇ ياراتقان ئوبراز شۇنچە چىنلىقتا ۋە جۇشقۇنلۇقتا ئىگە بولغان بولىدۇ.

كادىيېڧ

ئىجادىيەتنىڭ ماتېرىياللىرى يىراقتا ئەمەس، بەلكى مول مەزمۇن بىلەن تولغان كىشىلىك ھايات ئىچىدە بولىدۇ.

گېتى

تۇرمۇش تەجرىبىلىرى قانچە مول بولسا، ئىجادىيەت جەھەتتىكى «تاسادىپىي» پۇرسەتلەر شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

لى جۇن

رېژىسسور بىلەن ئارتىس ئەگەر ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزىنى دائىم تۇرمۇش قاينىمىغا ئاتمىسا، كەڭ ئاممىغا يۈزلەنمىسە، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى مول ئاساسقا، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ.

جياۋ جۈيىن



تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىشتىن ۋە تۇرمۇشنى چوڭقۇر چۈشىنىشتىن چەتنىگەندە، ھەرقانداق ماھارەت كىشىلەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ.

چيەن شۆگى

سەن مەندىن: ھەيكەلتىراشلىقنى قەيەردىن ئۆگەندىڭ دەپ

www.uyghurkitap.com

سوراۋاتىسەن، مەن ئورمانلىقتىكى دەل ـ دەرەخلەرنى كۆرۈش، يولدا كېتىۋاتقاندا بۇلۇتلارغا قاراش، ھەيكەل ياساش ئۆيلىرىدە مودېللارغا قاراش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا ئۆگەندىم. مەكتەپتىن باشقا ھەممە يەرنى ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش مەيدانى قىلدىم.

رودەن

كىم ئادەم بىلەن تۇرمۇشنى تەسۋىرلىمەكچى بولسا، ئۇ كىتابتىن ئادەم بىلەن تۇرمۇشنى تەتقىق قىلماستىن، بەلكى تۇرمۇش بىلەن دائىم پىششىق تونۇشۇپ تۇرۇشى كېرەك.

چېخوف

يازغۇچى ئۆزىگە تونۇش بولغان نەرسىلەرنى يېزىشى، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى يېزىشى كېرەك.

ئاندېرسىن

مەن پەقەت ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن، مۇلاھىزە قىلغان ۋە ھېس قىلغان ھەمدە مەن ياقتۇرغان، ئوچۇق كۆرگەن ۋە بىلگەن نەرسىلەرنىلا يازالايمەن. قىسقىسى، مەن ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشى ۋە تۇرمۇشۇم بىلەن بىرگە بولغان نەرسىلەرنىلا يازىمەن.

گونچاروف

ئەگەر مەن دوختۇر بولغان بولسام، ئۇ چاغدا، ماڭا بىمار بىلەن دوختۇرخانا زۆرۈر، ئەگەر مەن ئەدىب بولسام، ئۇ چاغدا، مەن خەلق ئىچىدە ياشىشىم كېرەك.

چېخوف

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش دائىرىسى ناھا-يىتى كەڭ بولۇشى كېرەك، ھەمدە چوقۇم كەڭ بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆگەنگىنى كۆپ بولۇشى، كۆرگىنى، بىلىدىغانلىرى، چۈشىنىدىغانلىرى كۆپ بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

شيا يەن

تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، يازغۇچىلار بىر چەتتە قاراپ تۇرغۇچى بولماستىن، بەلكى «قايناق كۇرەش» نىڭ ئەمەلىيەتچىسى بولۇشى كېرەك.

ماۋدۇن

بىر مۇزىكانتتا تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى بول-مىسا، تۇرمۇشنى ئۆز ئىجادىيىتىگە ئاساس قىلمىسا، ئۇ كىشى-لەرگەيارىغۇدەك سۇپەتلىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ چىقالمايدۇ.

جىڭ لۇچىڭ



بىر شائىر ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە مەلۇم بىر خىل تۇرمۇش رې-ئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ شۇ خىل رېئال-لىقنى چوڭقۇر چۈشىنىشى ۋە ئۇنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى، تەسۋىرلىمەكچى بولغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىشى كېرەك. ئات ئۇستىدە ئولتۇرۇپ گۈل كۆرۈش پو-

زىتسىيىسى بىلەن تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلغاندا، كونكرېت، چوڭ-قۇر، يېقىملىق، تەسىرلىك شېئىرلارنى يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ.
زاك كېچيا

كومېدىيىنىڭ ۋەزىپىسى — كىشىلەرنىڭ يامان ئادەتلىرىنى تۈزىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشتىن ئىبارەت.
مولئېر

تراگېدىيە — كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ شېئىرىي مەنىگە ئىگە بولغان ئامىللارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.
بېلىنسكىي

كومېدىيە بىلەن تراگېدىيىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، تراگېدىيىنىڭ ماتېرىياللىرى ئالىيجاناب، ئادەتتىكى بولمىغان جىددىي ھەرىكەتكە موھتاج؛ كومېدىيە ئادەتتىكى قىزىقارلىق ۋە-قەلەرگىلا موھتاج.
گاۋ نەيىي

ئەڭ مۇكەممەل تراگېدىيىدە ۋەقەلىكنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي ۋە بىۋاستە بولماستىن، بەلكى مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي بولىدۇ.
ئارىستوتېل

تىياتىر يازغاندا، ئادەمنى يېزىش كېرەك، ئادەمنى يېزىشتا ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يېزىش كېرەك.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جيا جۈيىن

تراگېدىيىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئادەملەر دۈچ كەلگەن بالا ـ قازالار باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماقچى بولىدىكەن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزى مول مەزمۇن ۋە ياخشى خىسلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

گېگېل

تىياتىر ياكى بىر مەيدان ئويۇن تەييارلاش خۇددى كىيىم تىكىشكە ئوخشايدۇ، يەنى دەسلەپتە پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ كېسىلىدۇ، كېيىن بىر ـ بىرلەپ ئۇلىنىدۇ، كېسىش ئاسان، ئۇلاش تەس. مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇلاش ئۇچۇن، يىپ بىلەن يىڭنىنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك.

لى يۈ

بىر سەھنە ئەسىرىنىڭ بىرىنچى كۆرۈنۈشى بەلكىم پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇشىمۇ مۇمكىن. گەپنى شۇنىڭ بىلەن باشلاشقا بولىدۇ، ۋەقەلىكنى شۇنىڭ بىلەن راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئاساسىي تېمىنى شۇنىڭ بىلەن (بىرىنچى كۆرۈنۈش بىلەن) يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.



دىدېرو

ئىجادچانلىق كەمچىل بولغان سەنئەت جەزمەن كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان، مەززىسى يوق سەنئەتتۇر.

ليۇ شەنگۇ: «ئوقۇتقۇچىنىڭ تىل سەنئىتى» دىن

www.uyghurkitap.com

گۈزەللىك سەنئەت نۇرىنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان فوكۇس نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەنئەت دەرىخىدىكى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىدۇر؛ گۈزەللىك بولمىسا سەنئەتنىڭ نۇرى خىرەلىشىدۇ، سەنئەت دەرىخىمۇ قۇرۇق قالىدۇ.

ليۇ شەنگۇ: «ئوقۇتقۇچىنىڭ تىل سەنئىتى» دىن

سەنئەت تەبىئەتنى مۇكەممەللەشتۇرىدۇ.

رايونولدىس

نادانلىق سەنئەتنىڭ دۈشمىنى.

بىن جونسون

ھايات شۇنچە قىسقا، سەنئەت دېڭىزى چەكسىزدۇر.

ھىتوپادىسا

چەكسىز ھازىرقى زامان تۈيغۇسى بارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمىدۇر.

ئېمېرسون

سەنئەت شەخس ئۈچۈن، ئىلىم - پەن كوللېكتىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

كارتىردىس

سەنئەت بولمىغاندا قوپال رەھىمسىز رېئال دۇنيادا كىشى چىدىغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالاتتى.

بېرنارد شاۋ

دۇنيادا سەنئەتتىنمۇ بەكرەك كىشىگە قىيىن ھالەتتە تېخىمۇ كۆپ تەسەللى ۋە راھەت ئېلىپ كېلەلەيدىغان نەرسە يوق.
ئامپىس

سەنئەت ھېسسىياتنىڭ ئوبيېكتىپ ئىپادىسى، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ سۇبيېكتىپ ئەكس ئېتىشىدۇر.
لەنگىر

مەن ھاياتقا سەنئەتنى تەقلىد قىلىش ئۈچۈن موھتاج ئەمەس، بەلكى سەنئەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھاياتقا موھتاج.
فىشىر

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان سەنئەت كىشىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىدە بولىدۇ.
ۋىليام ھازلىت

ئەنئەنىدىن ئايرىلغان سەنئەت پادىچىسى بولمىغان بىر توپ پادىغا ئوخشايدۇ. يېڭىلىق يارىتىشتىن ئايرىلغان سەنئەت قىلچە ھاياتىي كۈچى بولمىغان مۇردىغا ئوخشايدۇ.
چېرچىل

پەقەت تەبىئەتكىلا تەقلىد قىلىش ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ.

رىنولدىس

سەنئەتنىڭ سىرى تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرۈش (تۈزىتىش) تە.
ۋولتېر

www.uyghurkitap.com

سەنئەتكارنىڭ مىجەزى ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلارنى ئازابلايدىغان بىر تۈرلۈك كېسەلدۇر.

جېستىرتون

سەنئەت ئىنسان تېنىدىكى ئىلىم ـ پەندۇر (جۇشقۇنلاپ تۇرىدىغان پەندۇر).

كوكتىن

قائىدە ۋە قېلىپ تالانت ۋە سەنئەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

ۋىليام هازلىت

سەنئەت ھاياتتەك ئۇنچە مۇھىم ئەمەس، بىراق سەنئەتتىن ئايرىلغان ھايات نېمىدېگەن مەنىسىز ـ ھە!

موسىرۋېل

بارلىق سەنئەت تەبىئەتنى تەقلىد قىلىشتۇر.

سېنىكا

سەنئەتنىڭ مەقسىتى تۇرمۇشقا بىر ئوبراز بېرىشتۇر.

ئانويىل

سەنئەت قول سانائەت بۇيۇمى ئەمەس، ئۇ سەنئەتكار باشتىن ئۆتكۈزگەن ھېسسىياتنىڭ يەتكۈزۈلۈشىدۇر.

لېف تولستوي

سەنئەت ئىنساننىڭ قولى، كاللىسى ۋە روھىنىڭ بىرلىشىشىدۇر.

جون رۇسكىن

سەنئەت—تەبىئەتنىڭ ئوڭ قولى، كېيىنكىسى (تەبىئەت) بىزگە پەقەت جىسمىمىزنى بېرەلەيدۇ. بىراق، كېيىنكىسى (سەنئەت) بىزگە ئىنسانىيلىقىمىزنى بېرىدۇ.

شىللېر

«مۇزىكا—پەرىشتىنىڭ تىلى». بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئېيتىلغان سۆز ـ ھە!

كارلىل

مۇزىكىنى تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا سۈكۈت قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر.

ۋىكتور ھيۇگو

مۇزىكا قەلب يارىسىنى داۋالايدىغان ياخشى دورىدۇر.

ھانت

مۇزىكا بىرەر ئەيىبلەش ياكى مەسخىرە ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان بىردىنبىر تىلدۇر.

ئىرسكىن

مۇزىكىدا ئىنسان قەلبى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، كاللىسى بىلەن ھېس قىلىشى كېرەك.

ۋىكتور ھيۇگو

مۇزىكا بىز يوقاتقان ۋاقىتنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى.

ئوۋدىن

www.uyghurkitap.com

جاز مۇزىكىسى سىزنىڭ مۇسكۇللىرىڭىزنى غىدىقلايدۇ، سىمفونىيە سىزنىڭ روھىڭىزنى كۆتۈرىدۇ.

پائۇل ۋايتمان

ئارىلىقى يىراق مۇزىكا، شۇنچە تەسىرلىك ئەڭ يېقىملىق مۇزىكىدۇر.

ۋودسورت

ئەگەر ئەسلىدىكى بارلىق سەنئەت مۇزىكىنىڭ پەللىسىگە يېتەلىسە، بارلىق ئىلىم ـ پەن ماتېماتىكىنىڭ ئىنچىكىلىكىگە ئىگە بولاتتى.

سانتايانا

ئەقىل ـ پاراسەتنى چۈشىنىش ئەقىل ـ پاراسەتكە موھتاج، ئەگەر ئاڭلىغۇچىلار گاس بولسا مۇزىكىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق.

لىپسان

مۇزىكا بىلەن سەھنە ئارىلىقى بەك يىراق بولۇپ كەتسە، سولغۇنلىشىشقا باشلايدۇ. شېئىر ئەگەر مۇزىكىدىن بەك يىراق بولۇپ كەتسە، روھسىزلىنىشقا باشلايدۇ.

پاند

ئىمارەت—مۇستەھكەم مۇزىكىدۇر.

شىللىڭ

**مەجمۇئە ئىسمى :** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :** سەنئەت ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۇل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مم 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—412—1
**باھاسى :** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )